# شنجاڭ يەر ناملرنىڭ ئېتمولوگيسى



قۇربانجان ئابلمت نورۇزى
پالتاخۇن ئەۋلاخۇن



شنجاڭ ئۇنۋېرستېتى نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسى تاشتۆپە يېزىسى يېڭى تام كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1991 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1996 - يىلى بۇ مەكتەپنى تاماملىغاندىن بۇيان، شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ ھازىر «يەر ناملىرى تەتقىقاتى» ناملىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەسىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەندىن باشقا، يەنە قەدىمكى ئالتاي ۋە تارىم مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «بوز - قىرلىقلىقلار»، «بوستانلىقلىقلار» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى، «تارانچىلار»، «ئۈزۈلمۆك - سۆيگەن» ناملىق تارىخىي ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ يەنە «يىپەك يولىدىكى پاجىئەلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرىنى ۋە «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت يەر ناملىرى لۇغىتى» (پالتاخۇن ئەۋلاخۇن بىلەن بىللە) نى نەشرگە تاپشۇردى. بۇ ئەسەرلەر پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسى

# (1)

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى
پالتاخۇن ئەۋلاخۇن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە رېقىپ

# شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850م م 1/23 باسما تاۋىقى: 8
2001- يىل 1- ئاي 1- نەشرى
2001- يىل 1- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 0001—5000

ISBN 7—5631—1320—7/Z・31
باھاسى: 13.50 يۈەن

## كىرىش سۆز

يەر ناملىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە رەڭدار، قوللىنىشچانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى يەر نامىغا تەۋە بولغاچقا، ئادەم بىلەن يەر نامىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە خاس ئورگانىك مۇناسىۋەت بار. گەرچە ئادەم يەر نامىنى ياراتسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى ياراتقان يەر نامىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يىغىلىنىشى، ئۆزگىرىشى، كۆچۈشى، تەرەققىي قىلىشى، قېلىپلىشىشى ۋە تەرجىمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ھامان يەر نامىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا، يەر ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى، تەرجىمىسى، ترانسكرىپسىيىسىنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ مۇھىمى ئادەم ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رايون (دۆلەت) غا تەۋە يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشى كېرەك. بۇ، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەت كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنىڭدەك كەلگۈسى تەرەققىيات ۋە ئەۋلاد نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بىر تارىخىي ۋەزىپە.

«شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەرنى تارىخ يۈكلىگەن مۇشۇ ۋەزىپە ئاساسىدا، بىر نەچچە يىللىق ئىلمىي تەتقىقاتىمىزنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچى ۋە يەر ناملىرىغا قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ، شۇنىڭدەك يەر ناملىرىغا تەۋە بارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

بىزدە يەر ناملىرى تەتقىقاتىنىڭ تارىخى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر قەدەر كېيىنرەك بولسىمۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. ھالبۇكى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىمىز ئەدىب موللا مۇسا سايرامىدىن كېيىن ئۇزۇن بىر تارىخىي

دەۋر ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ يەنە قايتىدىن سەھنىگە چىقتى. ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلار قوشۇنى زورىيىپ، ئۆزگىچە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن يەنە بەزى خاتا، پاكىتسىز قاراش ۋە تەتقىقات تېمىلىرىنىمۇ ھەرقايسى مەتبۇئاتلارنى قاپلاپ كەتتى، بۇنىڭغا بەزى مەتبۇئات ئورۇنلىرى چەك قويمىدى. ھازىر، تەتقىق قىلىنىۋاتقان يەر نامىلىرىنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، بىزدىكى يەر نامىلىرى تەتقىقاتى خىزمىتى بۇ دەۋردە ئارقىغا چېكىنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ يەر نامىلىرى تەتقىقات سەھنىمىزدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان تالانتلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. لېكىن بۇ نەتىجىلەرنى يەنىلا ئالاھىدە داڭلاپ تىلغا ئېلىشقا، ئۇنىڭدىن زىيادە سۆيۈنۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى كەمدە-كەم يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىمەن دەيدىكەن، ئۆز تىنىقىمىزدىن يارالغان تەتقىقاتلارنىڭ ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوق دىيەرلىك ئىكەنلىكىدىن ئەپسۇسلانماي قالمايدۇ. «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» نامىلىق بۇ ئەسىرىمىز نۆۋەتتىكى «چېكىنىش» كە خاتىمە بېرەلمىسىمۇ، ئەمما قولىمىزدىكى ماتېرىياللار كەمچىل، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىمىزدىكى بوشلۇقلار چوڭ بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا قولغا ئېلىنغان بۇ ئەسەرگە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم چوڭ-كىچىك يەر نامىلىرىدىن 500 ى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يورۇتۇپ بېرىلدى. بۇ 500 يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئاساسىدا ئىزاھلىنىپ، بەزى خاتا، پاكىتسىز قاراشلارغا رەددىيە بېرىلدى. ئىلگىرى تەتقىقاتچىلىرىمىز تەتقىق قىلغان ۋە ئۆزىمىز شۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قوشۇلغان بەزى يەر نامىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆزۈپ ئالدۇق ۋە مۇناسىپ ئورۇندا ئاپتور ۋە مەنبەنى كۆرسەتتۇق. لېكىن بۇ نامىلارنىڭ ھەممىسى تېخى بىرلىككە كېلىنمىگەن ئېتىمولوگىيىلىك قاراش بولغاچقا، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشىنى ۋە پىكىر-تەلەپلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقى ۋە پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەر كىچىك لۇغەت شەكلىدە تۈزۈلۈپ، يەر نامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە، خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە بوغۇملىرى بويىچە بېرىلدى. شىنجاڭدا ئوخشاش نامدا ئاتىلىۋاتقان يەر نامىلىرى خېلى كۆپ بولغاچقا، بىرلا تېمىدا يەنە قانداق جايلاردا ئوخشاش ئاتىلىدىغان يەر نامىلىرىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلدى. بۇ نامالارنىڭ ئەسلى تەبىرى بىز بەرگەن تەبىرگە چۈشەمدۇ؟ قايسى جايدىكى نام قەدىمىي؟ قانداق قىلىپ باشقا جايلارغىمۇ تارقالغان ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرگە ئەنئەنىۋى نام قويۇش ئادىتى بۇنداق پاسىلنى بۇزۇپ تاشلىغانمۇ؟ كىتابتا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىلمىدى. پەقەت باشقا جايلاردىمۇ ئوخشاش نامدا ئاتىلىۋاتقان نامالارنىڭ بارلىقىلا كۆرسىتىلدى. بەزى يەر نامىلىرىنى ئىزاھلاشتا مەنىسى، ئاتىلىشى ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەر نامىلىرىنى ھەر بىر ئورۇندا ئوخشاش ئىزاھلىماستىن، بىرى ئىزاھلىنىپ، يەنە بىرسى ئۈنىڭغا (مەسىلەن، «...» غا قاراڭ) ھاۋالە قىلىندى. بەزى يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى يەنە بەزى يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ياكى ئىككى خىل يەر نامىدىكى بەزى سۆز-ئىبارىلەر ئوخشاپ كەتسە، كىتابخانلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە (مەسىلەن، «...» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ) ھاۋالە قىلىندى. يەنە كىتابتىكى بەزى بايان ۋە يەر نامىلىرىغا كۆرسەتمە بېرىلگەندە، ئەسلى ستات ئالغۇچىلار تەرىپىدىن كۆرسەتمە بېرىلگەن بولسا «— نەقىل كەلتۈرگۈچى» دەپ، ئۆزىمىز كۆرسەتمە بەرگەن بولساق «...ئا» دەپ ئىزاھلىدۇق. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يەر نامىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ئابدۇرېشىت سابىت، تۇردى ناسىرلار تۈزگەن «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر نامىلىرى لۇغىتى» دىكى ئاتىلىشى بويىچە ئېلىندى. بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلمىگەن يەر نامىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىنى ۋە بەزى يەر نامىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى تازا يېتەرلىك بولمىغانلىرىنى ئۆزىمىز شۇ نامنىڭ ئاھاڭى بويىچە خەنزۇچە خەت تاللاپ قويدۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەم سوراق (؟) بەلگىسىنى قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئويلىشىپ بېقىشىغا ھاۋالە قىلدۇق.

«شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن يەر ناملىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەر ناملىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرنى يەر ناملىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملاردىن باشقا، يەنە تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچى خادىملىرى، ھەۋەسكارلار، ساياھەتچى ۋە ساياھەتكە يول باشلىغۇچىلار، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنىڭدەك تەرجىمان ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى خادىملارنىڭمۇ پايدىلىنىشىغا بولىدۇ.

ئاخىرىدا، بۇ ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال ۋە تەكلىپلەرنى بەرگەن دوستىمىز مەھمۇد ئابدۇۋېلىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

— ئاپتورلاردىن

2000- يىلى 2- ئاينىڭ 11- كۈنى. ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە

### ئا

ئابدال ............... 1
ئاتۇش ............... 2
ئاچچىق ............... 2
ئاچچىقبەلدۇ ............... 3
ئاچچىقبۇلاق ............... 3
ئاچچىقجاڭگال ............... 4
ئاچچىقچوققا تېغى ............... 4
ئاچچىق دەرياسى ............... 4
ئاچچىقساي ............... 4
ئاچچىقيۇتقان داۋان ............... 4
ئادىر ............... 4
ئادىر كورۇن داۋىنى ............... 4
ئارا پايناپ ............... 5
ئاراتۇرۇك ............... 5
ئارا تېتىر ............... 6
ئارا چەتۇك ............... 6
ئارا گەمە ............... 6
ئارا گىرەم ............... 6
ئارا مۇغاللا ............... 6
ئارشاڭ ............... 6
ئارغىن ساي ............... 7
ئازاق ............... 7
ئازلا ............... 8
ئاستانە ............... 8
ئاغۇ ............... 8
ئالاغىر ............... 9
ئالتاي ............... 9
ئالتۇنداش ............... 10
ئالچى ............... 10
ئال داشمان ............... 10
ئالمەت(ئالامەت) ............... 10
ئاقتۇ ............... 10
ئاقچى ............... 11
ئاقسۇ ............... 11
ئاقسۇ يېزىسى ............... 11
ئاۋات ............... 12

### ئە

ئەتىمچاغىر ............... 12
ئەرتىش ............... 12
ئەزەن دۆڭ ............... 12

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسلىمۇش ............ 13
ئەگرۇم ............ 13
ئەگۇ تېرەك ............ 14
ئەگۇس ............ 14
ئەلكىتۇر ............ 14
ئەلكىن ............ 14
ئەللامە ............ 15
ئەندىر ............ 16

## ب

بارچۇق ............ 18
باردام ............ 19
بارىكۆل ............ 20
بارىن ............ 20
باغراش (بوستان) ............ 20
بالا ئېرتىش ............ 21
بالدىر ............ 22
بالدىر ئۇدىر ............ 22
بالغۇنتاي ............ 22
باي ............ 22
باياندىي ............ 23
باينغولىن (بايانغول) ... 24
بەچىر ............ 24
بەلتى ............ 24
بەلچىر ............ 24
بەلدو ............ 25
بەلدىر ............ 25
بەشكېرەم ............ 25
بەشگەمە ............ 26
بەشكېرەم ............ 26
بەشئۇتاق ............ 26
بودىمال ............ 27
بورتالا ............ 27
بورجاي ............ 28
بورسۇق ............ 28
بوغاز لەڭگەر ............ 28
بۇرچىن ............ 29
بۇرخان ............ 29
بۇرغان ............ 29
بۇرقانبۇلاق ............ 30
بۇرۇلتوقاي ............ 30
بۇغتى ............ 30
بۇلۇڭقشلاق ............ 30
بۇيلۇق (بورلۇق) ............ 31
بۇگۇر ............ 31

## پ

پاتمانقاش ............ 32
پاتمانلىق ............ 32
پامان ............ 32
پەيزىۋات ............ 33
پوسكام ............ 34
پىچان ............ 34

پىشا ........ 35
پىشنا ........ 35

ت

تاتا ........ 36
تاتاساك ........ 37
تار ........ 37
تارئايرىق ........ 37
تارلاق ........ 37
تارلاك ........ 37
تارىم ........ 38
تازبۇلاق غەربىي تېغى ... 39
تازدالا ........ 39
تازغۇن ........ 40
تازقۇرغان ........ 40
تازقۇم ........ 40
تازلا ........ 41
تازلەنگەر ........ 41
تازلىق ........ 41
تاشقورغان ........ 41
تاشمىلىق ........ 41
تاشۋىلىق ........ 41
تاغ داشمان ........ 41
تاڭ ........ 42
تاڭئات ........ 42
تاڭبالى ........ 42
تاڭلى ........ 42
تامغا تاش ........ 42
تەكلىماكان ........ 43
تەلكە ........ 45
توخۇلا ........ 46
توخۇلۇ ........ 47
تورغات ........ 47
تورغاۋۇت ........ 48
تورغۇت ........ 48
توغاچ ........ 49
توغرال ........ 49
توقسۇ ........ 49
توقىچەك ........ 50
توقسۇن ........ 50
توققۇزتارا ........ 51
توڭتۇر ........ 52
تولى ........ 52
تۇرپان ........ 53
تۇغۇچى ........ 55
تۇيۇق ........ 56
تۆتكۆل ........ 58
تۆرۈك ........ 58
تۆكۆل ........ 58
تۆگە تاتار ........ 58
تۈرگۈن ........ 59
تۈرگېن ........ 59
تۈز ياناتاق ........ 59
تېتىر ........ 60

www.uyghurkitap.com




تېتىر بەل ........ 61
تېتىر تاش ........ 61
تېتىرچى ........ 61
تېكەس ........ 61
تىتلىق ئېغىز ........ 62
تىجەن ........ 62
تىگەن ........ 63
تىگىن ........ 63
تىگىنلا ........ 64
تىم ........ 64

## ج

جارىلغاپ ........ 65
جام ........ 65
جايىر تېغى ........ 65
جۇپىر ساي ........ 66
جۇڭغار ........ 66
جىڭ ........ 67
جىمسار ........ 68

## چ

چارا ........ 69
چار ئاچا ........ 69
چار ئارچا ........ 69
چار ئالدى ........ 69
چاپچال ........ 70
چاغان ئارال ........ 70
چاغانبۇلاق ........ 70
چاغانتوقاي ........ 70
چاغانتۇڭگې ........ 70
چاغانچۆل ........ 71
چاغانساي ........ 71
چاغانغول ........ 71
چاغانكۆل ........ 71
چاغراق ........ 72
چاغرى ........ 72
چاقا ........ 72
چاقىلىق ........ 73
چاڭ ........ 75
چەتۆك ........ 75
چەرچەن ........ 76
چەكچەك ........ 77
چەكچەك لەنگەر ........ 77
چوغۇر ........ 77
چوڭقۇر قىشلاق ........ 78
چۇۋانقىر ........ 78
چۆچەك ........ 78
چېڭگىل ........ 79
چىت ........ 80
چىتەنباغ ........ 80
چىپقان ........ 81
چىرا ........ 81
چىقتىم ........ 82
چىڭسىخوزا ........ 84

چىلاق ........................ 84
چىلپەگزە ........................ 84

## خ

خابچىغانغول ........................ 85
خابچىغاي ........................ 85
خابچىن ........................ 85
خارسالا ........................ 85
خارمودون ........................ 86
خاندۇ ........................ 86
خاندۇقىر ........................ 86
خوتەن ........................ 87
خودەك ........................ 91
خوشۇت ........................ 91

## د

دابان ........................ 92
دابسىن ........................ 92
دابسۇن ........................ 92
دادامتۇ ........................ 92
داش ........................ 93
داشكۆل ........................ 93
داشمال ........................ 93
داشمان ........................ 93
داۋانچى (-چىك) ........................ 94
داۋىلىق ........................ 94
دەپسەڭ ........................ 94
دەپسەگگە ........................ 94
دەپسەن ........................ 95
دولات ........................ 95
دولان ........................ 96
دۇۋا ........................ 97
دۆربىلجىن (ئېمىل) ........................ 97
دۆگقىشلاق ........................ 97

## ز

زاۋا ........................ 98
زاگگۇي ........................ 98
زەرەپشان ........................ 98
زۇگلاك ........................ 98

## س

سارقۇم ........................ 99
سارلىق ........................ 99
سار ئېمىل ........................ 101
سارىكول ........................ 101
ساغان ........................ 101
ساغانئۆستەڭ ........................ 102
ساغرىچى ........................ 102
ساغلان ........................ 102

سانجى ...................... 103
ساك ...................... 104
ساگتام ...................... 105
ساگتام كۆلى ......... 105
ساگتۇر ...................... 106
ساۋەن ...................... 106
سايرام ...................... 106
سەمەن ...................... 107
سوزاق ...................... 107
سوغانلىق ...................... 108
سوغۇلۇق ...................... 108
سومۇق ساي ......... 108
سومى ...................... 109
سۇغان ...................... 110
سۇغۇن ...................... 111
سۇلۇق ...................... 111
سۆرۈن ...................... 112
سۆرۈنلۈك ...................... 112
سېرىم ...................... 112
سېگە داشمان ......... 113
سىڭگىم ...................... 113
سىگىر تاغ ......... 114
سىنتاش ...................... 115
سىيەك ...................... 116

## ش

شارسالا ...................... 116
شارمودۇن ...................... 116
شاپچى ...................... 116
شاپكۆل ...................... 117
شاپلىق ...................... 117
شاپىلىق ...................... 117
شايار ...................... 117
شەخشۇ ...................... 118
شوتا(شات) ...................... 118
شورياداش ...................... 119
شىخەنزە ...................... 119
شىخو ...................... 119
شىراق ...................... 120
شىرەم ...................... 120

## غ

غادراك ...................... 121
غۇلجا ...................... 121
غۇلجا ناھىيىسى ......... 122

## ف

فۇكاك ...................... 123

## ق

قابا ...................... 123

قاپچىغاي ......... 123
قاپچىق ......... 124
قاپسالاڭ ......... 124
قاپشۇق ......... 124
قاپلاڭغول ......... 124
قاتلىش ......... 125
قاچۇن ......... 125
قارا خوجا ......... 127
قارا دۆۋە ......... 127
قارازاق ......... 127
قاراشەھەر ......... 128
قاراقاش ......... 128
قاراقوشۇن ......... 129
قاراقورۇم ......... 129
قاراقىر (قاراقىي) ......... 130
قارا قىرچىن ......... 130
قارا قىزىل ......... 131
قاراماي ......... 131
قارا ئېرتىش ......... 132
قارا ئېمىل ......... 132
قارلۇق ......... 132
قارلۇقۇم (قارلىقۇم) ......... 132
قارلىق ......... 132
قارىتۇرگىن ......... 132
قازئېرىق ......... 132
قاش ......... 133
قاغىتۇر ......... 133
قاغىلىق ......... 133
قاڭقا ......... 134
قالۇق ......... 135
قالۇقھويلا ......... 135
قالىق ......... 136
قامغاز ......... 136
قامىلىق ......... 136
قانقا ......... 136
قايراق ......... 137
قاينۇق ......... 137
قايىرتى ......... 138
قايىقباس ......... 139
قايىقساس ......... 139
قەشقەر ......... 139
قەشقەر كونا شەھەر ......... 140
قەشقەر يېڭى شەھەر ......... 140
قورام ......... 141
قوراملىق ......... 141
قورغاس ......... 141
قورلۇق ......... 142
قوشتۇر ......... 143
قوغۇش ......... 143
قوغۇشلۇق ......... 143
قوغۇشئېرىق ......... 143
قوڭۇرغا ......... 143
قوبۇق ......... 143
قوبۇقسار ......... 144
قوتۇبى ......... 144
قوچى ......... 145

www.uyghurkitap.com




قۇرامات ............ 145
قۇرباغ ............ 146
قۇرجىرا ............ 146
قۇرداۋان ............ 146
قۇرساي ............ 146
قۇرما ............ 146
قۇرۇق قىرچىن ............ 146
قۇرۇمدۇق ............ 147
قۇر ئۆزەك ............ 147
قۇر ئۆزەك ............ 148
قۇلانقۇرۇق ............ 148
قۇلۇستاي ............ 148
قۇلۇستى ............ 148
قۇرۇملۇق ............ 148
قۇما ............ 149
قۇمتار ............ 149
قۇمكۆل ............ 149
قۇمكېرەم ............ 150
قۇمۇل ............ 150
قۇۋ ئېرتىش ............ 151
قىپچاق ............ 151
قىپچاق مەھەللىسى ... 151
قىرچىن بۇلاق ............ 152
قىرچىن تاغ ............ 152
قىرچىن داۋان ............ 152
قىرچىنقوتان ............ 152
قىزىلاز (قىزىلئاز) ............ 152
قىشلاق ............ 152
قىياقبۇلاق ............ 153
قىياقتى ............ 153
قىياققوتان ............ 153
قىياقلىق ............ 153
قىيىش ............ 154


## ك


كاپا ............ 155
كارساڭ ............ 155
كارسانلىق ............ 155
كامپا ............ 155
كانپا ............ 156
كەگەز ............ 156
كەگرىداش (كەگرىداش؟)
............ 156
كەگساغان ............ 157
كەلپىن ............ 157
كەنجەك ............ 157
كورتى ............ 158
كورلا ............ 158
كونا تاتا ............ 159
كۇچا ............ 159
كۇئېنلون ............ 161
كۆكتوقاي ............ 162
كۆكمودون ............ 162
كۆنچى ............ 162

كۆدەي ........... 163
كۆدەيلىك ........... 163
كۆرتلۆك ........... 163
كۆرتى ........... 164
كۆنەس ........... 164
كۆيتۆك ........... 164
كېرىيە ........... 165
كېگەن ........... 165
كېگەز جىلغىسى ........... 166

گ

گەز دەريا ........... 166
گورجىلغا ........... 166
گۇلاخما ........... 167
گۆچۆك ........... 168
گۆما ........... 169
گۆرت ........... 169
گېرەم ........... 170
گىرەم قوتان ........... 170

ل

لاپچۇق ........... 170
لاۋلاق ........... 173
لوپ ........... 173
لوپنۇر ........... 174
لوپپېرىق ........... 175
لۆكچۆن ........... 175

م

ماجا(ماجار) ........... 178
ماچاڭ ........... 179
مارالبېشى ........... 179
ماناس ........... 179
ماندالىق ........... 180
مايتاس ........... 181
مايمۇنتاش ........... 181
مەشەت ........... 181
مەكىت ........... 182
مورى ........... 182
موغال ........... 183
موڭغۇلكۈرە ........... 184
مۇجۇق ........... 184
مۇجى ........... 184
مۇخۇر ........... 184
مۇخۇرتاي ........... 185
مۇش ........... 185
مۇقىر ........... 185
مىچۈەن ........... 186
مىرەن(قارامىرەن) ........... 186
مىشا ........... 187

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ن

نوغايتۇ ............ 188
نوغايتى ............ 188
نىلقا ............ 188
نىيە ............ 188

## ھ

ھادىرا ............ 190
ھالداشمان ............ 190

## ئو

ئوپا ............ 191
ئوپۇر ............ 191
ئوتاقچى ............ 191
ئوتاقساي ............ 191
ئوتتۇز ئوتاق ............ 192
ئودانلىق ............ 192
ئوراك ............ 192
ئوردان ............ 192
ئوردانلىق ............ 192
ئوشلاق ............ 192
ئونسۇ ............ 193
ئونيول ............ 193
ئويداشى ............ 193

## ئۇ

ئۇچ ............ 194
ئۇلاستاي ............ 195
ئۇلاستايچاغان ............ 196
ئۇلۇغارت ............ 196
ئۇلۇغچات ............ 196

## ئۆ

ئۆرۈمچى ............ 197
ئۆچتۇرپان ............ 198

## ئې

ئېتىمچاغرى ............ 199
ئېرتىش ............ 200
ئېمىل ............ 200
ئېۋىرغول ............ 201

## ئى

ئىچبەلتى ............ 202
ئىچكى سومى ............ 202
ئىلى ............ 202

## ي

ياپچان .................. 204
يازاق .............. 204
يازىمتى .............. 205
ياسۇق .............. 205
ياسىدۇن .................. 206
ياسىق .............. 207
يانار تاغ .............. 207
ياڭخې .................. 207
ياۋا .............. 208
ياۋىلىق ................ 208
يەكەن .................. 209
يەنجى .................. 209
يوپۇرغا ................ 210
يورۇڭقاش.................. 212
يېتىم .................. 212
يېتىمئېرىق ................ 212
يېڭى قۇچى .............. 213
يېڭىسار ................ 213
يىس .................. 213

[illegible] ........ 190
[illegible] ........ 190

[illegible] ........ 191
[illegible] ........ 191
[illegible] ........ 191
[illegible] ........ 191
[illegible] ........ 192
[illegible] ........ 192
[illegible] ........ 192

[illegible] ........ 193

ئۈرۈمچى ........ 197
ئۈچتۇرپان ........ 198

[illegible] ........ 199
[illegible] ........ 200
[illegible] ........ 200
[illegible] ........ 201

[illegible] ........ 202
[illegible] ........ 202
[illegible] ........ 202

# ئا

**ئابدال** [阿布达勒] ئونسۇ، چاقىلىق ناھىيىلىرىدىكى يەر نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «چاقىلىق ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە تىلەمچى، قەلەندەر (ئابدال) لارغا باغلاپ «تىلەمچىلىك قىلىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە ئىزاھلانغان (شۇ كىتاب، 17- بەتكە قاراڭ). زاغرا تىلىمىزدا، ھېچ ئىش قىلماي قورساق باقىدىغان، ئاقنانچى، ھورۇن، جانباقتىلارنى «ئابدال» (بەزى جايلاردا «ھابدال» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دەپ ئاتايمىز. ئەمما بۇ يەردىكى «ئابدال» بىز تەبىر بەرگەن «ئابدال» ئەمەس. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھونلارنىڭ ياكى قاڭقىللار، توخارلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى دەپ قارىلىدىغان ئېفتالىتلارنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئابدال (哌哒) دەپ، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە خارەزىملىكلەر (滑) دەپ ئاتالغانلىقى، پېرسىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلىكلەرنىڭ ھايتال (Haytal) دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم (دۇەن ليەنچىن «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار»، 1- قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 481- بەت). «ئابدال» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەۋمنىڭ تۈرك قاغانى ئىستەمى (Istami) قاغان دەۋرىدە ئۇدۇن (ھۇدۇن)، سۇلى (سۇللاق؟) ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقى مەلۇم (سىن جوڭمىيەن «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى تارىخى»، 1- قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 13-، 14- بەتلەرگە قاراڭ). بۇ قەۋمنىڭ نامى باشقا مەنبەلەردە «habdals» «iatlimore» «Ephfhalifes» «Hephtailifes» دەپ ئاتالغان. دېمەك، «ئابدال» دېگەن بۇ نام قەدىمكى ئېفتالىت دەپ ئاتالغان «ئابدال» قەۋملىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئابداللارنىڭ مىلادى 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكئارتتىن شەرققە كېڭىيىپ، 6- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىنكىت ئېلىنى بېسىۋالغانلىقى تارىخىي پاكىت (دۇەن ليەنچىننىڭ يۇقىرىقى كىتابىغا قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئاتۇش** [阿图什] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر شەھەر (ناھىيە) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «ئارتۇچ» بولۇپ، بۇ مەنبەنى مەھمۇد قەشقىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان ۋە ئۇچۇر بەرگەن: «ئارتۇچ، ئارتۇش دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچناملىق ئىككى يۇرت بار» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 128- بەت). دېمەك، ئاتۇش نامى قەدىمدە «ئارتۇچ» دەپ ئاتىلىدىغان ئارچا دەرىخىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى ئارتۇچ دەرىخىنى بەزى تەتقىقاتلاردا تىلغا ئېلىنغان «ئاتۇشتىكى چاقماق دەرياسى بويلىرىدىكى تاغ شامىلىدا خۇددى سۇمبۇل چاچتەك يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان تال (تاغ سۆگىتىنىڭ بىر تۈرى) دەرەخلىرى» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1993- يىل 3- سان، 27- بەت) بولماستىن، قەدىمدىن بۇيان خاسىيەتلىك دەرەخ ئورنىدا ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى قارا ئارچا دەرىخىنىڭ نامى دەپ قارايدۇ. ھەمدە «ئارتۇچ» سۆزىنى «ئېگىز، داۋان» مەنىسىنى بېرىدىغان «ئارت» سۆزى بىلەن مەھمۇد قەشقىرى «تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ» (1- توم 49- بەت) دەپ تەبىر بەرگەن «ئوچ» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، «ئېگىز دەرەخ دېگەنلىك بولىدۇ» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 48-بەت، 49- بەت) دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «ئوچ» سۆزىگە بەرگەن تەبىرىدىن قارىغاندا، «ئارتۇچ» سۆزى داۋاندا (توغرىسى تاغدا) ئۆسىدىغان دەرەخ دېگەن مەنىدە كەلسە كېرەك. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئارتۇچ» دەرىخىنى يۇملاق ئارچا ئائىلىسىگە كىرىدىغان قوچۇرلارنىڭ بىر خىلىدۇر، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 56- بەت).

**ئاچچىق** [阿其(齐?)克] «ئاچچىق» ۋە «ئاچچىق» سۆزىگە باشقا خاسناملار ياكى پېئىللار قوشۇلۇپ كەلگەن يەر ناملىرىدىن ھازىرقى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 24 يەر نامى مۇشۇ نامدا ئاتالغان.

پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، ئونسۇ، كىرىيە، لوپ، قاراقاش، ئاقتۇ،
ئاتۇش، تۇرپان، چاقىلىق، چىرا، كورلا، يوپۇغا، مورى قازاق ئاپتونوم
ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاچچىق دەرياسى، ئاچچىق،
ئاچچىقبەلدۇ كەنتى، ئاچچىقبۇلاق، ئاچچىقجاڭگال، ئاچچىقساي، ئاچچىق-
سۇ، ئاچچىقئۆي، ئاچچىقيار، ئاچچىقيۇتقان داۋان، ئاچچىق تاللىق،
ئاچچىقچوقتا تېغى قاتارلىق كەنت، مەھەللە ۋە يېزا، تاغ، دەريا، كۆل
ناملىرى بار. «پەيزئاۋات ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»
دە پەيزئاۋاتتىكى «ئاچچىق» نامىنى «زېمىنى شورلۇق» دېگەن
مەنىدە دەپ ئىزاھلىغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-
يىل 4- سان، 54- بەت). ئەمما ئابلەت ئابباس ئەپەندى «ئاچچىق»
سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «باياشات» مەنىسى-
نى بېرىدىغان «ئاچىغ» سۆزى بىلەن باغلىغان (يۇقىرىقىدەك). ھالبۇ-
كى، بۇ مەنىنى «ئاچچىقكۆل»، «ئاچچىقساي»، «ئاچچىقچوقتا تېغى»، «ئاچ-
چىقجاڭگال»، «ئاچچىقيۇتقان» قاتارلىق يەر ناملىرىغا تاڭغىلى بولمايدۇ.
«ئاچچىق» سۆزى «باياشات» دېگەن مەنىدىن باشقا، «تۇزلۇق»،
«شورلۇق»، «ئاچچىق-غەزەپ»، «ئاچچىق-ئازاب»، «ئاچچىق-ئو-
چۇق-ئازادە» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ يەر ناملىرى
ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، شۇ يەرنىڭ قەدىمكى ياكى ھازىرقى جۇغراپىيىلىك
ئەھۋالى، كۆرۈنۈشى، سۈيىنىڭ تەمى ۋە ياكى شۇ يەر نامىغا ئائىت
بەزى ھېكايەتلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

**ئاچچىقبەلدۇ** [阿其克拜力都] قاغىلىق ناھىيىسىدى-
كى كەنت نامى. «ئاچچىق» ۋە «بەلدۇ» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. «بەل-
دۇ» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «بالدىر» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا
«تومشۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمىي مەنە تەرىپىدىن ئېيتقان-
دا، «ئاچچىقبەلدۇ» سۆزى «ئۇچۇق تومشۇق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.
«ئاچچىق» ۋە «بەلدىر» گە قاراڭ.

**ئاچچىقبۇلاق** [阿其克布拉克] تۇرپان شەھىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاقىلىق ناھىيىسىدىكى كۆل نامى. «سۈيى تۇزلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئاچچىقجاڭگال** [阿其克江尕勒] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «شورلۇق جاڭگال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئاچچىقچوققا تېغى** [阿其克乔喀山] توقسۇن ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «ئوچۇق، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چوققا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئاچچىق دەرياسى** [阿其(齐?)克河] كورلا شەھىرى ۋە لوپ ناھىيىسىدىكى دەريا نامى. دەريا سۈيى قىرتاق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئاچچىقساي** [阿其克萨依] ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «ئوچۇق، كەڭ» ساي دېگەنلىك بولسا كېرەك. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئاچچىقيۇتقان داۋان** [阿其克于提坎达坂] قاغىلىق ناھىيىسىدىكى يەر نامى. ئېھتىمال شۇ داۋاندىن ئېشىپ بولالماي تارتقان جاپالىق كۆنلەرنىڭ ئازابى ئۈچۈن «ئاچچىق يۇتقان» (ئازاب يېگەن، ھەسرەتلەنگەن ياكى داۋاندىن ئۆتۈشتە قىينالغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان بولۇشى كېرەك. «ئاچچىق» قا قاراڭ.

**ئادىر** [阿德尔] جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «ئادىر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا مىسالغا ئالغان «ئاچا، ئاچماق، پۇتاق» مەنىسىنى بېرىدىغان («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، 9- بەت) «ئادىرى» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. «ھادىرا» غا قاراڭ.

**ئادىن كورۇن داۋىنى** [阿冬库仁达坂] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نام موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، مىلادى 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭغا كەڭ

تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئادىن» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئات ياكى يىلقا» دېگەن مەنىنى؛ «كورۇن» سۆزى «توكلاپ ئۆلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، كۆپ يىلقىلار ئۇلگىرى بىر كىشى مۇشۇ داۋاندا يىلقا بېقىۋاتقاندا، شۇۋرغاندا قېلىپ، مىنگەن ئېتى بىلەن تەڭ توكلاپ قالغان. شۇنىدىن بۇيان «ئادىن كورۇن » (ئات توكلاپ قالغان داۋان دەپ ئاتالغانىكەن (سۇبېيخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 391- بەت.)

**ئارا پايناپ** [阿热帕依那普] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «ئارا» سۆزى «ئارىلىق»، «ئوتتۇرا-ئوتتۇرىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «پايناپ» قا قاراڭ.

**ئارا تۈرۈك** [伊吾] قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە نامى خاتا ھالدا « 伊吾 » دەپ قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خەنزۇچە نام جوڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان « 伊吾庐 » دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەلنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى. ھازىرغىچە كۆپلىگەن كىشىلەر خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى « 伊吾 » نامىنى «ئارا تۈرك» دەپ ئېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نامنىڭ ئەسلىدىكى « 伊 » خېتى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «يىگ» ؛ «ۋۇ » 吾 خېتى «ئۇگ» ؛ «لۇ » 庐 خېتى «رۇگ» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، «ئىدىز ئوغرۇغ» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ نام يەنە «ئۇيغۇرغول» نامى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 56- بەت). «ئارا تۈرۈك» نامى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار، بەزىلەر موڭغۇل تىلىدا «شامالىلىق» دېگەن مەنىدە (نيۇرۇچىن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 124- بەت) ، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناملىرىنى ئۇرتاق ھالدا ئۇسۇن (ئاسىيۇ) تىلىدىكى «كۈنبەگ» (昆莫) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ («ئاراتۈرۈك ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



9- بەت). بەزىلەر «ئالتە يۇرتنىڭ ياكى ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسى» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلەر قارىسىغىلا غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈركلەر دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىدى. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «داۋان، ئېگىزلىك، تۆپىلىك» دېگەن مەنىدىكى «ئارت» سۆزى بىلەن «بارگاھ، قەلئە، شەھەر» مەنىسىنى بېرىدىغان «تۇر» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ نامنىڭ خەنزۇ تىلىدا توغرا ئاتىلىشى «阿拉吐瑞克» (؟) دۇر.

**ئارا تېتىر** [阿热铁提] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى يەر نامى. بۇ نام «ئارىلىقتىكى تېتىر» ياكى «ئىككى ئوتتۇرىدىكى تېتىر» دېگەن مەنىدە. «تېتىر» غا قاراڭ.

**ئارا چەتۈك** [阿热恰吐(土?)克] يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «ئارا» سۆزى «ئارىلىق»، «ئوتتۇرا» دېگەن مەنىدە، «چەتۈك» كە قاراڭ

**ئارا گەمە** [阿热盖买] يوپۇرغا ناھىيىسى ۋە باي ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «ئارا» سۆزى «ئارىلىق»، «ئوتتۇرا-ئوتتۇرىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «بەشگەمە» گە قاراڭ.

**ئارا گېرەم** [阿热格热木] ئاۋات ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «ئارا» سۆزى «ئارىلىق»، «ئوتتۇرا» مەنىسىدە كېلىدۇ. «بەشكېرەم» گە قاراڭ.

**ئارا مۇغاللا** [阿热木尕拉] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى مەھەللە نامى. «ئارا» سۆزى «ئىككى ئوتتۇرا»، «ئارىلىقتىكى يەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «مۇغال» غا قاراڭ.

**ئارشاڭ** [温泉(阿热相?)] بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ ئۇيغۇرچە نام بولۇپ، «ئىسسىق بۇلاق» (يەنى تەبىئىي ئىسسىق بۇلاق، ئارشاڭ دېيىلىدۇ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نيۇرو چىن

ئەپەندى بۇ نامنى موڭغۇل تىلىدا «ئۇسىسىق بۇلاق» دېگەن مەنىدە (نيۇروچىن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 144- بەت) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ خاتا قاراش، زورمۇ-زور موڭغۇل تىلىغا قىستاپ مەنە چىقارغانلىق.

**ئارغىن ساي** 〔阿尔根萨依〕 ماناس ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «ئارغىن» ئەسلىدە «ئارغۇن»— «ئارغۇ» بولۇپ، قەدىمكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ بىرى. «ئاغۇ» غا قاراڭ.

**ئازاق** 〔阿扎克〕 قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزا ھەم كەنتنىڭ نامى. ئاتۇش شەھىرىدىكى «ئازاق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىككى يەرنىڭ بىرى ئاتۇش شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، تۆۋەنكەنت بىلەن قۇمسېغى ئارىلىقىدا، يەنە بىرى، شەرقتە، بويامەت بىلەن ئاق مەيدان ئارىلىقىدا. بۇ يەر نامى مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئالغان ھەم «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ كۆرسەتكەن «ئازىغ» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1-توم، 86- بەت) نامى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 145- بەتكە قاراڭ). «ئازاق» دېگەن بۇ يەر نامىدىكى «ز» تاۋۇشى بەزى ھاللاردا «ي» تاۋۇشىغا ئالماشقان، مەنىسى «ئاياق» (گايىدا «د» بىلەنمۇ ئېيتىلىپ «ئاداق» مۇ دېيىلىدۇ) دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىدا، نوم يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا «ئاداق» دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامى بار («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 57- بەت). لېكىن «ئازاق» سۆزىگە مۇنداقلا تەبىر بېرىش توغرا ئەمەستەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئازاق يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ تەبىردىكىدەك «ئاياق» تەرىپكە توغرا كەلمەيدۇ، بەلكى باش تەرىپكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، تاغ باغرىغا جايلاشقان. يەنى بۇ يېزا كاتتايلاق، بويامەت يېزىلىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە. شۇڭا «ئاياق» (ئاخىر، تۆۋەن) مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولماي-

www.uyghurkitap.com



دۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئازلا** [阿孜拉] يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئالمەت يېزىسىدىكى كەنت نامى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاز» سۆزى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 109-، 110- بەتلەردىكى «ئاز. ئەرس. ئاق سۆسەر. بۇ سۆز «س» بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ، بۇ توغرا» ، «ئاس. ئەرس. ئاق سۆسەر. «ز» بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ نام شۇ نامدا ئاتىلىدىغان «ئاق سۆسەر» نىڭ نامى ھېسابلىنىدۇ (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، 90- بەت).

**ئاستانە** [阿斯塔乃] شىنجاڭدا «ئاستانە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار. ئۇنىڭ بىرى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدە، قاراغوجىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزا؛ يەنە بىرى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدە، قوش تىكەن بىلەن تۇغۇچى ئارىلىقىدىكى بىر يېزا. بۇ يېزا نامى خەنزۇ تىلىدا «二堡» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاستانە» نامىنىڭ مەنىسى پارس تىلىدا «بوسۇغا»، «ساراي» ، «بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ ھوزۇرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996- يىل 2- سان، 57- بەت). بۇ مەنە دائىرىسىدىن قارىغاندا، «ئاستانە» نامى ئەسلىدە بىرەر جاينىڭ نامى بولغان ئەمەس، ئەمما ئەسلىدىكى نامىنىڭ تاشلىنىپ ياكى ئەسلىدىكى نامىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ ئاتىلىشى بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئاغۇ** [阿湖(阿果?)] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ ھەم قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر مەھەللىنىڭ نامى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇ نامنىڭ بىرنەچچە خىل بۇزۇلغان شەكلى بار. توقسۇن ناھىيىسىدىكى «ئارغۇ بۇلاق-ئاغىر بۇلاق» ، ماناس ناھىيىسىدىكى «ئارغىن ساي» ، كۇچا ناھىيىسىدىكى «ئاغىنىڭ ئاغزى» ، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى «ئاغىلىق يولى» ، كۇچا ناھىيىسىدىكى «ئاغى» ، ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى «ئايغىر بۇلاق» قاتارلىقلار بار. بۇناملار-

دىكى «ئاغۇ»، «ئاغىر»، «ئارغىن»، «ئاغى»، «ئاغىلىق»، «ئايغىر» سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارغۇ» (قەبىلە نامىمۇ بولۇپ كەلگەن) سۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى ئىزاھلىغانىدەك «ئارغۇ. ئىككى تاغ ئارىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شېخشۇ يېزىسىنىڭ غەربىدىكى تاغ «قۇلان ئاغۇ» دېيىلىدۇ. بۇ «ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 56-، 57- بەتلەر).

**ئالاغىر** [阿拉格尔] پوسكام، مارالبېشى ناھىيىلىرىدىكى كەنت، مەھەللە، يېزا ناملىرى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئالاغىر غول ئۆستەڭگى»، «ئالاغىر خاڭدى»، «ئالاغىرچەك» قاتارلىق يەر ناملىرى بار. «ئالاغىر» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى «ئالاڭىر» بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 218- بەتتە مۇنداق ئىزاھلىغان: «ئالاڭىر. كېمىرگۈچىلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك بىر ھايۋان. ئۇنى تۈركمەنلەر يەيدۇ».

**ئالتاي** [阿尔泰] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان ۋىلايەت (شەھەر) ۋە بۈيۈك بىر تاغنىڭ نامى. بۇ نام ئەسلىدە شۇ نامدىكى تاغنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ نام «ئالتۇن تاغ» دېگەن ئىككى سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېيىلىدۇ. ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «غ» «ى» تاۋۇشىنىڭ «ى» تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىش ھادىسىسى ئۇچرىمايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 57- بەت). يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، «ئالتىن تە» دېگەن ئىككى سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ. لېكىن قەدىمكى ھون تىلى (ئالتاي تىللىرى) دا «تە/تەي» سۆزى «لىق، لۇق» قوشۇمچىسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «ئالتۇنلۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (يۇقىرىقىدەك). جوڭگونىڭ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرە-

www.uyghurkitap.com



سى»، يېڭى كونا «تاڭنامە» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە بۇ تاغنىڭ نامى «金微山»، «金山» دەپ مەنە تەرجىمىسى بويىچە ئېلىنغان. ئومۇمەن قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا ئالتاي تېغى ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ئالتۇن زاپىسىنىڭ مولluقى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

**ئالتۇنداش** [阿勒吞达希] شايار ناھىيىسىدىكى كىچىك بىر كۆلنىڭ نامى. «ئالتۇن» ۋە «داش» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. «داش» سۆزى «كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «داش» قا قاراڭ.

**ئالچى** [阿勒齐] پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ گۈللۈك يېزىسىدىكى يەر نامى. بۇ ھۈنەر-كەسپ نامىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھال رەڭ يىپەك رەختنى ئىپادىلەيدىغان «ئال» سۆزىگە «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ياسالغان، يەر نامى بولۇپ كەلگەندە، «يىپەكچىلەر مەھەللىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1986- يىل 4- سان، 55- بەت).

**ئال داشمان** [阿勒达西曼(?)] كىرىيە ناھىيىسىدىكى يەر نامى. ئەسلىسى «ئالت داشمان»، مەنىسى «ئۈستۈنكى داشمان» دېگەنلىك بولىدۇ. «داش» قا قاراڭ.

**ئالمەت (ئالامەت)** [阿拉买提] يەكەن ناھىيىسىدىكى يېزا نامى. «ئالامەت» نامى «بەك، خويمۇ، تولىمۇ، قالتىس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 14- بەت).

**ئاقتۇ** [阿克陶] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. يۇۋېيچېڭ ئەپەندى «ئاقتۇ» نامىنى تۈرك تىلىدىكى «ئاق تاغ» دېگەنلىك دەپ قارايدۇ (يۇۋېيچېڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 105- بەت). بۇ ھەقتە يەنىمۇ

ئۆلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئاقچى** [阿合奇] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «ئاقچى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئېنىق بىر قاراش يوق. يۈۋېيچىڭ ئەپەندى «ئاقچى»، «ئاق چىغلىق» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 104- بەت). بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە يەنىمۇ ئۆلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئاقسۇ** [阿克苏] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ۋىلايەت (شەھەر) نىڭ نامى ۋە بىر دەريانىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا بەزىلەر «تىرىك سۇ» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىسا، بەزىلەر «ئاقسۇن» سۆزىدىن كەلگەن دەپ ئىزاھلىدى. يەنە بەزىلەر «سۈيى ئاق» يەنى «ئاق رەڭدىكى سۇ» دەپ قاراپ كەلدى (نيۈروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 101-، 152- بەتلەر). ئەمەلىيەتتە بۇ نام تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا دەريا نامى ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بولغاچقا، ئۆز قېنىدا ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ياكى تەبىئىي ھاسىل بولغان دەريا سۈيى تۈركى خەلقلەردە «ئاق دەريا» ياكى «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1-توم، 374- بەت، 1978- يىل، ئىستامبول).

**ئاقسۇ يېزىسى** [阿克苏乡] ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيىسىدىكى يېزا نامى. مەھمۇد قەشقەرى بەرگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا «قاياس شەھىرى» دىكى ئىككىنچى قورغان بولغان «ئۈرۈڭ قاياس» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 236- بەت) نامى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى ئاقسۇ يېزىسىغا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈرۈڭ» سۆزى «ئاق» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-توم، 48- بەت). دېمەك، ھازىرقى «ئاقسۇ يېزىسى» نىڭ نامى «ئۈرۈڭ قاياس» (ئاق قاياس-قورغاس) دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**ئاۋات** [阿瓦提] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «ئاۋات» نامى ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىكى «ئاباد» سۆزىدىن كىرگەن بولۇپ، «ئاباد» سۆزى پارس تىلىدا «ئاۋات، گۈللەنگەن، مەمۇر؛ ئادەم قويۇق يەر؛ زىرائەتلىك؛ ئېچىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## ئە

**ئەتىمچاغىر** [艾提木恰格尔] ئاقتو ناھىيىسىدىكى بىر يەر نامى. «ئەتىمچاغىر» نامى ئېھتىمال «ئېتىمچاغىرى» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. «ئېتىمچاغىرى» غا قاراڭ.

**ئەرتىش** [额尔齐斯] بۇرچىن ناھىيىسىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان بولۇپ، «ئېرتىش» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەمما «ئېرتىش» ئەسلىدىكى «ئەرتىش» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. «ئېرتىش» قا قاراڭ.

**ئەزەن دۆڭ** [艾赞东(?)] قورغاس ناھىيىسىدىكى، يەنى كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر تۆپىلىكنىڭ (دۆڭنىڭ) نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىسلام دىنىغا ئائىت تارىخ-تەزكىرىلەردە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان چىڭگىزخاننىڭ 6- ئەۋلاد نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تارىم ۋادىسىدا قومغا كۆمۈلۈپ يوقالغان كەتەك (كېتىك) شەھىرىدىن قېچىپ چىققان مەۋلانە شەيخ جامالىدىن كېتىكىنىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن بىر يىل بۇرۇن، ئاقسۇدىكى ئايكۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايدا مەۋلانە شەيخ جامالىدىن كېتىكىگە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە

ۋەدە بەرگەن. ئەمما مەۋلانە شەيخ جامالىدىن كېتىكى غۇلجىدىكى ئالما-
لىق شەھىرىدە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يېنىغا
ۋاقتىدا بارالماي، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىلىپ كەتكەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە
ئالمالىق شەھىرىگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشەلمەي، خان چېدىرىنىڭ
يېقىن ئارىلىقىدىكى بىر دۆڭلۈكتە ھەر كۈنى سەھەردە ئەزەن ئېيتقان
ھەم تۇغلۇق تۆمۈر خاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئارزۇسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرغان. شۇندىن بۇيان بۇ دۆڭ ئاۋام ئارىسىدا «ئەزەن دۆڭ»
دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1990-
يىل 2- سان، 55- بەت).

**ئەسلىمۇش** [艾斯里木什] قەشقەر كونا شەھەر ناھى-
يىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نام «ئەسلى» ۋە «مۇش» تىن ئىبارەت
ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. «ئەسلى» سۆزى «تېگى»، «يىلتىزى»
دېگەن مەنىدە، «مۇش» سۆزى بولسا، قەدىمكى چېگىلەرنىڭ تىلىدا
«مۇشۇك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «مۇش» ۋە «چەتۈك» كە قاراڭ.

**ئەگرۇم** [艾格如木] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر داۋان-
نىڭ نامى. «ئەگرۇم داۋىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ داۋاننىڭ نامىدىكى
«ئەگرۇم» سۆزى ئەيەن ساقلانغان نام بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدىكى «agrim» (ئەگرىم) سۆزىنىڭ تۆتىنچى تاۋۇشىنىڭ فونېتە-
كىلىق ئۆزگىرىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى
تىللار دىۋانى»، 1- توم، 145- بەتتە «agrim» (ئەگرىم) سۆزىنى
«ئەگرۇم. سۇ يىغىلىدىغان يەر، ئەۋرەز» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ سۆز
ھازىرغىچە خوتەن شىۋىسىدە «ئازگال»، «سۇ يىغىلىپ قالىدىغان يەر»
دېگەن مەنىدە (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى
سۆزلۈكى»، 20- بەتكە قاراڭ) ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. دېمەك، «ئەگ-
رۇم» نامى سۇ يىغىلىپ قالىدىغان يەر ياكى ئازگاللىق (سۇ يىغىلىدىغان
ئازگال) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**ئەگۈ تېرەك** [艾格铁热克] پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ جامباز يېزىسىدىكى يەر نامى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىككى، قوش، جۈپ» مەنىسىنى بېرىدىغان «ئەگۈ» سۆزى بىلەن دەل-دەرەخنىڭ تۈرى بولغان «تېرەك» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن يەر نامى بولۇپ، «قوش تېرەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 55- بەت).

**ئەگۈس** [艾古斯] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى. «ئەگۈس» نامىنى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئەگىش» دەپ ئىزاھلىغان (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 472- بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ). بۇ خاتا. چۈنكى «ئەگۈس» نامىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئەينەن ساقلانغان نام دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ئەرگۈز» بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ئەرگۈز، ئەگىز، ئەرگۈز سۇۋ-ئەگىز سۈيى» («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 59- بەت). دېمەك، «ئەگۈس» نامى ئەتىيازدا قار ۋە مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەلكتۇر** [艾勒克吐(土?)尔] قۇمۇل شەھىرى را-ھەتباغ يېزىسى 6- كەنتنىڭ نامى. بۇ نام «ئەلكى» ۋە «تۇر» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. «تۇر» قۇمۇلدىكى يەر ناملىرىغا كۆپرەك باغلىنىپ كېلىدىغان ھەم ئاساسىي يىلتىزلىق رولىنى ئوينايدىغان سۆز بولۇپ، «تاغنىڭ تۆپىسىگە ياكى ئېگىز يەرگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ، دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ» (مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللاردىۋانى»، 1- توم، 332- بەتكە قاراڭ). «ئەلكى» سۆزى ئەسلىدە «ئەلكە» بولسا كېرەك، «ئەلكە بولاق» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ. «ئەلكە» گە قاراڭ.

**ئەلكىن** [艾勒肯] خېجىك ناھىيىسىدىكى بىر بۇلاق-

نىڭ نامى (ئەلكىن بۇلاق 艾勒肯布拉克). بۇ نامدىكى «ئەلكىن» سۆزى ئاساسىي يىلتىز بولۇپ، تۈرك تىللىدىكى «غېرىپ-مۇساپىر» مەنەسىنى بېرىدىغان «ئەلگىن» elgin سۆزى بىلەن باغلىنىشى بولۇشى مۇمكىن (مۆمىن ئابدۇللا تۈزگەن «تۈركچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»، 262-بەت). ئەگەر بۇ سۆزنى «ئەلكىن» سۆزىنىڭ ئەسلى ۋارىيانتى، دەپ قارىساق، يەنى «ڭ» تاۋۇشىنى «ك» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن، دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا «ئەلكىن بۇلاق» دېگەن بۇ نام «يالغۇز بۇلاق» دېگەن كۆچمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، قۇمۇل شىۋىسىدە «جامائەت، كۆپچىلىك» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «ئەلكۈن» سۆزى (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 21- بەتكە قاراڭ) بار. دېمەك بۇ شىۋىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قاراشقا بولمايدۇ. قىزىقارلىقى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 175- بېتىدە «ئەلكە alke» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، «alkabulak. ئەلكە بۇلاق. بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىسمى» دەپ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە، «ئەلكىن بۇلاق» دېگەن بۇ نام قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى «بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىسمى» بولغان «ئەلكە بۇلاق» قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ، قۇمۇل شىۋىسىدە «جامائەت، كۆپچىلىك» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «ئەلكۈن» سۆزىگىمۇ باب كېلىدۇ. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ 6- كەنتىنىڭ نامى «ئەلكتۈر» بولۇپ، «ئەلكە-ئەلكى»، «تۈر» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ نامنىمۇ شۇ قەبىلىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**ئەللامە** [安拉买] خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام مىلادى 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن قويۇلغان بولۇپ، ئىلگىرىكى نامى خەلچ (خەلچە) ئىدى. «ئەللامە» دېگەن بۇ سۆز ئالىم ئۆلىما كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنىۋان نامدۇر. مىلادى 1217- يىلى نايمان

www.uyghurkitap.com



قەبىلىسىدىن بولغان خىرىستىيان مۇخلىسى كۈچلۈك (نايمان قەبىلىسى-
نىڭ ئاقساقىلى تايانخاننىڭ ئوغلى) خوتەننى بېسىۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق
قىلغاندا (ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەن ـ نەقىل كەلتۈرگۈچى)، خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن
يېنىپ، بۇددا دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان ۋە رەت قىلغۇچىلارنى ھالاك
قىلغان. بولۇپمۇ دىنىي ئالىم، ئۆلىما زاتلارنى قىرىپ تاشلىغان. مانا مۇشۇ
قىرغىنىدا، خوتەندىكى ئاتاغلىق دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ ئەللامە
ئالائىدىن مۇھەممەتمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا بۇ جاي مۇشۇ
ھۆرمەتلىك زاتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1993- يىل 3- سان، 88-
بەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى» ناملىق
ئەسىردە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «كۈچلۈك خوتەندە ھەممە مۇسۇل-
مانلارغا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى ھەمدە مەسچىت ئالدىدا بىر
ئىمامنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاداۋىتى
قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى» (ليۇزشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1- قىسىم، 1-
كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى 462- بەت). ئېھتىمال بۇ يەردىكى ئىمام
ئاللامە ئالائىدىن مۇھەممەت بولۇشى مۇمكىن.

**ئەندىر** [安迪尔] «ئەندىر» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان
ناملىردىن بىر نەچچىسى بار. خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيىسىدە «ئەن-
دىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت، نىيە ناھىيىسىدە «ئەندىر» دەپ
ئاتىلىدىغان بىر يېزا نامى، دەريا نامى ۋە لەڭگەر نامى بار. نىلقا
ناھىيىسىدىمۇ «ئەندىر تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغنىڭ نامى بار. ئەمما
ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى «ئەندىر (يەنە
ئەندەرە، ئەندىرە دەپمۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ)» دەپ ئاتالغان «小宛» ئېلىنىڭ
ئورنىنى چەرچەن ناھىيىسىدە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن ئورۇن
جەھەتتە پەرق بار. «خەننامە» نى تەرجىمە قىلغۇچىلار شۇ كىتابنىڭ

887- بېتىدىكى 18- ئىزاھتا «جوڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» نىڭ 88- بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «... چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى چۆللۈكتە بولۇپ، ئاچچان ۋە قوراملىق ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەن. قىزىقارلىقى بۇ قامۇسنىڭ 88- بېتىدە «چەرچەن ناھىيىسىدىكى چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا» دەپلا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، باشقا بايانلار يوق. «كېيىنكى خەننامە» نى تەرجىمە قىلغۇچىلار شۇ كىتابنىڭ 560- بېتىدىكى 6- ئىزاھتا تۈزىتىلگەن «سيۆن» دىن نەقىل ئېلىپ: «چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچاڭ (阿羌) ۋە كۇرەملىك (库拉米勒克) ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يەردىكى «ئاچاڭ» نامى بىلەن «كۇرەملىك» نامى خاتا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئالدىنقىسى «ئاچچان» نامىنى، كېيىنكىسى «قوراملىق» نامىنى كۆرسىتىدۇ. «خەننامە» نى تەرجىمە قىلغۇچىلار قەدىمكى ئەندىر ئېلىنىڭ مەركىزى «ئۇزۇن تاتراڭ» نى «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» نىڭ 101- بېتىدىن نەقىل ئېلىپ «ھازىرقى چەرچەن بىلەن نىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈكتىكى شەھەر بولۇپ، قۇم باسقان» دەپ (شۇ كىتاب 887- بەت) ئىزاھ بەرگەن. لېكىن بۇ كىتابتا مۇنداق بايان يوق، بەلكى «چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا» دەپ كۆرسىتىلگەن. «خەننامە» دىكى چەرچەننىڭ «جەنۇبىدىن ئەندىرگە ئۈچ كۈنلۈك يول»، ئەندىرنىڭ «شەرق تەرىپى چاقىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ، ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ» (شۇ كىتاب، 859- بەت) دېيىلگەن بايانلاردىن قارىغاندا، ئەندىرنىڭ ئورنى چوقۇم چەرچەننىڭ يىراق جەنۇبىدا ھەم چاقىلىقتا شەرق تەرەپتىن تۇتىشىدۇ. «يولدىن چەتتە قالىدۇ» دېيىلگەن بۇ بايان ئىنتايىن مۇھىم. ماگوروڭ ئەپەندىن بۇ ئورۇننى «قارا مىرەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا» («شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985- يىل 2- سان، خەنزۇچە نەشرى، 4- بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئاچچان (ياكى ئاتچان) بىلەن قوراملىق چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارا مىرەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلۇغ يول ـ يىپەك يولىدىن خېلى يىراق بولۇپ، «خەننامە» دە تىلغان ئېلىنغانداك «يولدىن چەتتە قالىدۇ». بىراق بۇ قاراش «شەرق تەرىپى چاقىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ» دېگەن بايانغا توغرا كەلمەيدۇ. «يولدىن چەتتە قالىدۇ» دېيىلگىنى ئەلۋەتتە چاقىلىقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يولنى كۆرسىتىدۇ. «خەننامە» (859ـ بەتتە) چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2258 چاقىرىم كېلىدىغانلىقى، ئەندىرنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2558 چاقىرىم كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئەل 300 چاقىرىم ئارىلىقتا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا سۇبىيخەي ئەپەندى ئەندىرنىڭ ئورنىنى ئالتۇنتاغ رايونىدا، چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا («غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 30ـ بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئەندىر» قەدىمكى تىلدىكى «ئەندۇرى» سۆزى بىلەن باغلاپ «مەئبۇد» ياكى «پەرى» ماكانى، «مۇقەددەس جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996ـ يىل 3ـ سان، 49ـ بەت).

## ب

**بارچۇق** 〔巴楚〕 چاغانتوقاي ۋە قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بىزنىڭچە بۇ نام كۆچكەن يەر نامى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر «مارالبېشى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ناھىيىنىڭ نامى قەدىمدە «بارچۇق» (巴楚) دەپ ئاتىلاتتى. ئېھتىمال بارچۇقلۇقلار چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بارچۇققا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىسپات يوق. يەنە بىر تەرەپتىن مارالبېشى زىمىنىدىكى توققۇزساراي قەلئەسىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى بارچۇق شەھرى بىلەن ھازىرقى بارچۇق كەنتىنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ بۇنى بارچۇقلۇقلارنىڭ بۇ

يەرگە ئولتۇراقلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. «بار-
چۇق» نامى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. مىلادى 982- يىلى
يېزىلغان «ھودۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە «بارچۇق» نامى تىلغا
ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە خاتىرىلىنىشىچە، «بارچۇق» ياغما قەبىلىلە-
رىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قەۋم (قەبىلە) ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن (لى
جوگۇۋ، شۇخەيرۇڭ «مارالبېشى تارىخى ھەققىدە»، خەنزۇچە نەشرى،
25- بەت). مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 608-
بېتىدە «بارچۇق ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بۇختۇناسسار-
نىڭ ئوغلى بەزەن قامالغان» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭغا
ئاساسەن «بارچۇق» نامىنى مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىن 1500- يىللار
ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ياغما
قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى «بارچۇق» قەبىلىسىنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر ئەت-
راپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى «ھودۇدۇل ئالەم» دە بايان قىلىنغان
مەزمۇنلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «سۇ يېيىپ كەتكەن
لاي-لاتقا» مەنىسىنى بېرىدىغان «پالچۇق» سۆزىدىن كەلگەن دەيدىغان
قاراش بىلەن «تۈرك سانغۇنىنىڭ نامى»، «تۈرك قەبىلىسىنىڭ
نامى»، «ھەممە نەرسە بار، بايلىقى مول، باياشات جاي» مەنىلىرىگە
ئىگە دەيدىغان قاراشلار بار («مارالبېشى تارىخي ماتېرىياللىرى»، 1-
توپلام، ئۇيغۇرچە، 16- بەت). بۇ قەدىمي شەھەرنىڭ ئورنىنى تەتقىقات-
چىلار ھازىرقى توققۇز ساراي خارابىسى دەپ دەلىللىدى. «بارچۇق»
نامى 1902- يىلىغا كەلگەندە ئىستېمالدىن قالدى («مارالبېشى تارىخى
ماتېرىياللىرى»، 1- توپلام، 20- بەت). بەزى مەنبەلەردە «بارچۇق»
نامى يولۋاسقا ئوخشايدىغان يىرتقۇچ ھايۋان دېيىلگەن («شىنجاڭ تەز-
كىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 58- بەت).

**باردام** [巴尔达木] جىمنەي ناھىيىسىدىكى بىر جاي-
نىڭ نامى. بىرىنچە، بۇ نام موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن بولۇشى
مۇمكىن. موڭغۇل تىلىدا «مۇشكۇل، يېگىلمەس» دېگەن مەنىلەرنى

www.uyghurkitap.com



بىلدۈرىدىغان «بارتام» سۆزى بار («موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخ-
ى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 18- بەت). موڭغۇل تىلىدىكى «بارتام» دېگەن
سۆز كېيىنچە «باردام» غا ئۆزگەرگەن، دەپ قارايمىز.

**بارىكۆل** [巴里坤] قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ
نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) ۋە بىر كۆلنىڭ نامى. كۆپلىگەن
تەتقىقاتچىلار «بارىكۆل» نامىنى «بارسكۆل» (يولۋاس كۆل) دېگەن
سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە «بارس» دېگەن بۇ
سۆز قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بارىكۆل كۆلىنىڭ نامى بولغان
«拔悉密海» (baximihai) دەپ ئاتىلىشتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ
مەنىسى «باسمىل كۆلى» دېگەنلىك ئىدى. بۇ قەدىمكى باسمىل قەبىلە-
لىرىنىڭ بارىكۆل ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. بۇ نام كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ «بارسكى» (巴尔思渴)،
«باسكۇ» (巴思阔) دەپ كۆل نامى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇزۇپ تەلەپپۇز
قىلىنىشى ئارقىسىدا، موڭغۇلچە ياكى تۈركچە سۆز دەپ تالىشىشقا ئاسان
بولىدىغان «بارسكۆل» دېگەن تەرجىمىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. «بارىكۆل»
نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى نامى «蒲类» (pulie)
بولۇپ، قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن ئوقۇلغاندا
«buoluai» دەپ ئوقۇلىدىغان بۇ نام موللا مۇسا سايرامى تىلغا ئالغان
«بالە كۆل» («تارىخىي ھەمىدى» گە قاراڭ) نامدا ئاتالغان «بارىكۆل»
مەنىسىنى بېرىدىغان «بالە كۆل» (بالا كۆل-كىچىك كۆل) دېگەن
نامنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىياتى ھېسابلىنىدۇ.

**بارىن** [巴仁] ئاقتۇ، قاغىلىق، قەشقەر يېڭىشەھەر،
پەيزاۋات، قابا ناھىيىلىرىدىكى يېزا، كەنت، مەھەللە نامى. ھازىرقى
تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى تۈركى قەۋملەردىن بولغان
«بايرىن» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

**باغراش (بوستان)** [博湖(博斯腾)] بايىنغولىن
(بايانغول) موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان

بىر ناھىيە (شەھەر) ھەم ئۇلۇغ بىر كۆلنىڭ نامى. «باغىراش» نامى ئەسلىدە «بوستان» كۆلىنىڭ نامى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا (博斯腾) دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ «بوستان» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى قىسقارتىلىپ «博湖» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. يۇۋېيچىڭ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولغان «博斯腾» سۆزىنى موڭغۇل تىلىدىكى «بوستنۇر» (bostnur) سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ كۆل «باغراش» دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن (شۇ كىتاب 44- بەت). ھالبۇكى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «bostan» سۆزى بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى «bostnur» سۆزىنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى «بوستان كۆل» (bostankol) نىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ترانسكرىپسىيىلىك ھەم مەنە تەرجىمىسى بولغان «بوستنۇر» (bostnur) نى چۈشەنمىگەن. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق مىللەتلەر تەزكىرىسى» دە «دەل-دەرەخ ئوراپ تۇرغان جاي» دېگەن مەنىدە دەپ كۆرسىتىلدۇ(نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 155- بەتكە قاراڭ). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ نامنى بۇ قاراشقا ماس ھالدا «ئەتراپى بۈك-باراقسان قومۇشلۇق ۋە قېلىن ئوتلاق بولغاچقا، (بوستان) دەپ ئاتالغان» دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 58- بەت).

**بالا ئېرتىش** [巴拉额尔齐斯] كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالا ئېرتىش دەرياسى قوشۇلغان جاي «بالا ئېرتىش كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ. «بالا ئېرتىش» نامى «كىچىك ئېرتىش دەرياسى» دېگەنلىك بولىدۇ (خۇددى كىچىك چىڭگىل دەرياسى دېگەندەك). «بالا» سۆزى «بارىكۆل» نامىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشىدىكى «بالا كۆل» سۆزى بىلەن

تەڭداش، ھەر نەرسىنىڭ كىچىككى دېگەنلىك بولىدۇ. «بارىكۆل» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ، «ئېرتىش» قا قاراڭ.

**بالدىر** [巴勒德尔] ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يەر نامى بولۇپ، «بالدىر ئېدىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاقچى ناھىيىسىدىمۇ «بالدىردىن بەلى داۋىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، بىزنىڭچە، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 595- بەتتە «تۇمشۇق، تامنىڭ بۇرۇنغا ئوخشاش چىققان يېرى» دەپ ئىزاھلىغان «baldir بالدىر» سۆزىنىڭ دەل ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

**بالدىر ئېدىر** [巴勒德尔伊德尔] ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى بىر يەر نامى. «بالدىر» ئەينەن ساقلانغان نام. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۇمشۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بەلدىر» غا قاراڭ.

**بالغۇنتاي** [巴伦台] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نام موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «بالغۇن» موڭغۇل تىلىدا «يۇلغۇن» دېگەن مەنىنى، «تاي» سۆزى «بار» ياكى «لىق، لۇق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە يۇلغۇن ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان، «بالغۇنتاي» موڭغۇل تىلىدا «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (سۇبېيخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 390- بەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 1- تومىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇنامدىكى «بالغۇن» نىڭ ئەسلىسى «بۇلغۇنا» بولۇپ، «بولغۇن» «بالغۇن» دەپ ئىخچاملانغان. بۇ ئەسەردە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «يۇلغۇنغا ئوخشاش پوستى قىزىل بىر خىل چاتقال، بۇنى تۆگە يەيدۇ». دېمەك، «بالغۇن» سۆزىنى ئالتاي تىللىرىدىكى ئوخشاش تەركىب دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ نام يۇلغۇننىڭ دەل ئۆزى ئەمەس.

**باي** [拜城] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر)

نىڭ نامى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىمۇ «باي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ جايدىكى «باي» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتتە، «باي» نامىنىڭ ئەسلىدىكى باي ناھىيىسىدىكى كىشى-لەرنىڭ مۇندىن 450 يىل ئىلگىرى كۆچۈپ چىقىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. ھازىرقى «باي» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ناھىيىنىڭ نامى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى «باي» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ يەر نامىلىرىنىڭ كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «باي» نامى بۇلاق، سۇلىرى مول، يەرلىرى مۇنبەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بايانداي** [巴彦岱] ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى. بۇ نام ئەسلىدە «بايانتاي كۈرەسى» نىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، «بايانتاي» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇ قوماندانىنىڭ ئىسمى ئىدى. چىڭ (مانجۇ) ئېمپېرىيىسى غۇلجا شەھىرى ۋە ھازىرقى غۇلجا، قورغاس ناھى-يىلىرى تەۋەسىدە 1761- يىللاردىن 1780- يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلىدا «توققۇز قەلئە (شەھەر)» نى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بايانداي ئۇنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ جاي «خۇيىنىڭ» دەپ ئاتالغان. بۇ توققۇز قەلئەدىن خۇيىنىڭ، خۇيىيۈەن قەلئەلىرىدە مانجۇ گازارمىسى، قالغان يەتتە قەلئەدە قارام گازارمىلار جايلاشقان. «خۇيىيۈەن» قەلئەسى يەنە «كۈرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان ساراي ياكى ئىبادەتخانا موڭغۇل تىلىدا «كۈرە» دەپ ئاتالسا، تۇرپان رايونىدا ھويلا «كۈرە» دېيىلىدۇ). بۇ ئىككى قەلئە غۇلجا شەھىرى بىلەن قورغاس ناھىيىسى بازىرى ئارىلىقىدا. «خۇيىنىڭ» قەلئەسىدە «بايانتاي» ئىسىم-لىك مانجۇ قوماندان تۇرغاچقا، ئاھالە ئىچىدە «بايانتاي كۈرەسى» دەپ ئاتىلىپ، بارا-بارا ئىخچاملىنىپ، «بايانداي» دەپ ئاتىلىپ قالغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 58- بەت). بۇ قەلئەنىڭ سېلىنغان ۋاقتى «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»

ژۇرنىلىنىڭ 1985- يىللىق 2- سانى 82- بەتتە 1770- يىلى، دېيىلسە، «ئىلى مەنزىرىسى» ناملىق ئەسەردە (90- بەت) 1766- يىلى دېيىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «باياندای» نامىنى «ئوت، سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولغاچقا شۇنداق ئاتىغان» دەپ قاراپ، «باي»، «مول» مەنىلىرىدە ئىزاھلايدۇ (يۇقىرىقىدەك).

**باينغولىن (بايانغول)** [巴音郭楞] جەنۇبىي شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «بايانغول» (bajanƔol) بولۇپ، بىزگە خەنزۇ تىلىدىكى ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى (Bayinggol) بويىچە ئۆزلەشكەن. بۇ خاتا، يەنىلا «بايانغول» دېگەن تۈزۈك. نيۇروچېن ئەپەندى «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (خەنزۇچە، 124- بەت) ناملىق ئەسىرىدە «بايانغول» نامىنى «مۇنبەت جىلغا» دەپ ئىزاھلىغان. ئەمما موڭغۇل تىلىدىكى «بايان» سۆزى «باي، باياشات، مۇنبەت» (بايلىقى مول دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، تۈركىي قەۋملەرگە ئورتاق بولغان «غول» سۆزى «دەريا، ئېقىن، جىلغا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، «بايانغول» موڭغۇل تىلىدا «مۇنبەت ئېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەچىر** [白其] قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە «بەچىر ئۆتەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ نام ئەسلىدە «بەلچىر» دەپ ئاتالغان بولۇپ، كېيىنچە «بەچىر» گە ئۆزگەرگەن. «بەلچىر» گە قاراڭ.

**بەلتى** [拜勒提] يەكەن ناھىيىسىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «بالدىر»، تۇمشۇق دېگەن مەنىدە. «بەلدىر» غا قاراڭ.

**بەلچىر** [拜勒其尔] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىكى بىر جاينىڭ نامىمۇ «بەلچىر» (拜其尔) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە شىخو ناھىيىسىدىمۇ «بەلچىر» (白勒其尔) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «بەلچىر» نامىنى

«ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى جىلغىنىڭ تۇتاشقان جايى دېگەن مەنىدە» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 139- بەت) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ ئىزاھ توغرا، ئەمما بۇ نامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىلتىزى «بەلچىر» ئەمەس، بەلكى «بەلتىر» بولۇپ، بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دە «كوچا ئاغزى، دوقمۇش» («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 92- بەتكە قاراڭ) دەپ ئىزاھلانغان بولۇپ، ئالدىنقى قاراشتىكى «تۇتاشقان جاي» دېگەن تەبىر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە، دېيىشكە بولىدۇ. «تۇتاشقان جاي» دېگەنلىك «دوقمۇش، ياكى كوچا (بەزى ئەھۋاللاردا ساي ياكى جىلغا) ئاغزى» نى كۆرسىتىدۇ. «بالدىر» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**بەلدو** [拜勒都] قاغىلىق ناھىيىسىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «بەلدىر-بالدىر-بالتى». «بەلدىر» گە قاراڭ.

**بەلدىر** [巴勒迪尔 (班迪尔)] ئاقتۇ ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىلىرىدىكى كەنت، يېزا ۋە تاغ نامى. «بەلدىر» نامىنىڭ ئەسلىسى «بالدىر». مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 595- بېتىدە «بالدىر. تۇمشۇق تاغنىڭ بۇرۇنىغا ئوخشاش ئۇسۇپ چىققان يېرى» دەپ ئىزاھلىغان. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دە «بەلتىر» سۆزى «كوچا ئاغزى، دوقمۇش» مەنىسىدە كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 12- بەت).

**بەشكېرەم** [伯什克然木 (拜什克拉木?)] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدىكى يېزا، كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «بەشكېرەم» بولۇپ، ھازىر كۆچا ناھىيىسىدىكى بىر جايمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. «بەشكېرەم» نامى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «جەننەت دەرىخى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «بېھىش كېرەم» سۆزىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش؛ «بەش» سانى بىلەن «باغ ۋە بېدىشكە ئېلىنغان ئۈزۈم» دېگەن مەنىدىكى «كەرەم» سۆزىنىڭ بىرىكمىسى دەيدىغان قاراش ۋە ئەرەبچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پارسچە «بېھىش» ۋە «كېرەم» ياكى «كىرام» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئۇلۇغ چارباغ - كاتتا باغ» دېگەن قاراشلار بار. بىراق، بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى «بەشكېرەم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى يورۇ- تۇپ بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نام «بەش» ۋە «كەرەم» سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «كەرىم» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «گېرەم، گەمە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 338- بەتكە قاراڭ). كۇچا ناھىيىسىدىكى «بەشكېرەم» نامى ئوخشاشلا «كەرەم» بولۇپ، «گەمە» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولغان. دېمەك، «بەشكېرەم» نامى ئەسلىدە «بەش كەرەم» بولۇپ، كېيىنچە «بەشكېرەم» گە، ئاندىن «بەشكېرەم» گە ئۆزگەرگەن. مەنىسى «بەش گەمە» (گەمە- يەرنى كولاپ ياسالغان ئۆيىنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن- لىك بولىدۇ.

**بەشگەمە** [拜什盖买] قاغىلىق ناھىيىسى ۋە يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. كۇچا ناھىيىسىدىكى «بەشكېرەم» نامى ۋە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلە- رىدىكى «بەشكېرەم» ناملىرى بىلەن مەنىداش. «بەشكېرەم» ياكى «بەشكېرەم» گە قاراڭ.

**بەشگېرەم** [拜什格然木] كۇچا ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى «بەشكېرەم» بولۇپ، ئەسلى «بەش گەمە» دېگەنلىك بولىدۇ. «بەشكېرەم» ياكى «بەش گەمە» گە قاراڭ.

**بەشئوتاق** [拜什乌塔克] پەيزاۋات، ئونسۇ، ئاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىدىكى كەنت، مەھەللە ناملىرى. بۇ نامدا بەش رەقىمى «ئوتاق» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن. «ئوتاق» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن يەر ناملىرىدىن خېلى بار. مەسىلەن، پەيزاۋات، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى «ئوتتۇز ئوتاق» مەھەللە، كەنت ناملىرى؛ ئارا تۈرۈك، خوتەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى «ئوتاقچى»،

«ئوتاقساي» ناملىرى بار. «پەيزاۋات ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئوتاق» سۆزىنى «ئورتاق يەر تېرىغۇچى» دەپ ئىزاھلىغان. ئابلەت ئابباس ئەپەندى «ئوتاق» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوتاغ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 1439- بېيتىدە «ئوتاغ» سۆزى، «ئائىلە»، «ئۆي» مەنىسىدە كەلگەن، «بەشئوتاق» دېگەنلىك «بەش ئۆيلۈك مەھەللە» مەنىسىدە، «ئوتتۇز ئوتاق» سۆزى «ئوتتۇز ئۆيلۈك مەھەللە» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 54- بەت).

**بودىمال** [博迪玛勒] پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبوي يېزىسىدىكى كەنت نامى. بۇ سۆز ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بودا» سۆزىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆز باشقا جايلاردا ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرى كۆپرەك ساقلانغان قۇمۇل شېۋىسىدە (غۇلام غوپۇرى «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 32- بەتكە قاراڭ) كۆرۈلىدۇ. مەنىسى «چوڭ مال، قارا مال» دېگەننى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 55- بەت).

**بورتالا** [博乐(博尔塔拉?)] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان ئوبلاست (شەھەر) نىڭ نامى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن ئالاتاغنىڭ جەنۇبىدا، ئېبنۇر ۋە سايرام كۆللىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ دالا. «بور» سۆزى بىلەن «بوز» سۆزىنىڭ تۈپى بىر بولۇپ، «بوز» سۆزى «ئېچىلمىغان، ياش» ياكى «كۆچى تولۇپ تۇرغان» دېگەن مەنىنى، «دالا» (يەنى تالا) سۆزى ئوچۇقچىلىق، كەڭ تۈزلەڭ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «بورتالا» نامى «بوزدالا» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، «بوز» سۆزى رەڭنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان بەزى تەتقىقاتچىلار خاتا ھالدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى موڭغۇلچە «كۈلرەڭ يايلاق» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلاپ كەلگەنىدى. شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش لازىمكى، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېتىدە-

www.uyghurkitap.com



دىكى ئېدىرلىق دالا ۋە ئاتۇشنىڭ شىمالىدا قۇرۇملۇق ئېقىن بويىدىكى بىر دالامۇ «بورتالا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نامنىڭ ئەسلى خەنزۇ تىلى بويىچە ئاتىلىشى « 博尔塔拉 » بولۇپ، قىسقارتىلىپ « 博拉 » دەپ ئاتالغانىدى، ئەمما كېيىنچە يەنە يېڭى مەنە بېرىلىپ « 博乐 » دەپ ئۆزگەرتىلدى (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 143- بەت).

**بورجاي** [博(布)尔加依] توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «بورجاي» نامى ھەققىدە «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 214- بەت) دە «بورجاي، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامى» دەپلا ئىزاھلىنىپ، ئۇنىڭ مەنىسى كۆرسىتىلمىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇرپاندىن تېپىلغان تېبىي يادىكارلىقلار» ۋە باشقا قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، «بور» سۆزى «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بورچى» سۆزى «باغۋەن»، «ئۈزۈم يىغىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىدە، «بورلۇق» سۆزى «ئۈزۈملۈك» ياكى «ئۈزۈم ئۆستىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**بورسۇق** [博尔斯(苏?)克] جېمنەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ يەر نامى تاغلاردا يۈرىدىغان بىر ھايۋاننىڭ نامىدىن كەلگەن. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1- توم، 456- بەتتە بۇ ھايۋاننى مۇنداق ئىزاھلىغان: «بورسۇق. سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تۈكلىرى ئومۇمەن كۈلرەڭ، قورساق بىلەن پۇتى قارا بولىدۇ، بېشىدا ئۈچ تال ئاق ئالىسى (قاشقىسى — ئا) بار؛ بارماق ئۇچىدا ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ، توپا كولاشقا ماھىر، تاغ باغرىلىرىدا كامار كولاپ ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؛ مېيىنىڭ كۆيۈككە داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ياخشى؛ 〈قاشقىسۇغلاق〉 دەپمۇ ئاتىلىدۇ.»

**بوغاز لەڭگەر** [布尕孜兰干] كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. كېرىيە دەرياسىنىڭ باش لايىقادىن كېيىنكى ئېقىنى توغراق دېگەن جايدىن ئۆتۈپ جىرا ئارقىلىق ئاقىدۇ.

ئەنە شۇ جىلغىنىڭ بوغۇزىغا جايلاشقان لەڭگەر (قونالغۇ-ئۆتەڭ) «بوغاز لەڭگەر» دەپ ئاتالغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 59- بەت). قۇمۇلدىمۇ «بوغاز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىنىڭ نامى بار. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قۇمۇلغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت قىزىقارلىق بىر رىۋايەت بار. ئۇنىڭدا بوغاز نامىنى بىر ئەر كىشىنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ قېلىشى (ھامىلدار بولۇپ قېلىشى) بىلەن باغلىغان (ئايشەم ئەخمەت «قۇمۇل»، 261-، 262- بەت).

**بۇرچىن** [布尔津] ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىدە بۇ زېمىننى ئۆزىنىڭ مول سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئانا دەريا - بۇرچىن دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىدى. «بۇرچىن» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا نيۇروچېن ئەپەندى «شىنجاڭ يەر نامىلرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسىرىدە «بۇرغا تۆگە باققۇچى» دېگەن مەنىدە، دەپ كۆرسىتىدۇ (شۇ كىتاب 148- بەت). ئەمما ناۋائى ئۆز ئەسىرى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دە «بۇرچىن» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «بۇرچىن تۈرك تىلىدا چىشى ئۆردەك دېگەنلىك» دەپ كۆرسىتىدۇ (شۇ كىتاب 112- بەت؛ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1998- يىل 30- ئىيۇل سانىدىكى نىياز كېرىمنىڭ ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ).

**بۇرخان** [布尔汗] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام يەنە «بۇرقان» مۇ دېيىلىدۇ. «ئىلاھ»، «تەڭرى»، «ياراتقۇچى» دېگەن مەنىدە. «بۇرغان» غا قاراڭ.

**بۇرغان** [布尔干] چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. «بۇرغان» سۆزى ئېھتىمال مەھمۇد قەشقىرى كۆرسەتكەن «بۇددا دىنى ئىلاھىنىڭ نامى» بۇرخان بولسا كېرەك. «بۇرخان» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۇرقان» دېيىلىدۇ. «بۇرقان» سۆزى «ياراتقۇچى»، «ئىلاھ»، «تەڭرى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «بۇرغان دەريا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سى» ئەمەلىيەتتە دىنىي ئەقىدە بويىچە «ئىلاھىي دەريا» دەپ ئاتالغان بولۇشى كېرەك. موڭغۇللارمۇ «بۇرخان»، «بۇرقان» دەپ ئاتايدۇ. بۇ نام موڭغۇل تىلىدا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

**بۇرقانبۇلاق** [布尔罕(汗?)布拉克] چېڭگىل نا-ھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «بۇرقان» سۆزى «ئىلاھ»، «تەڭرى» دېگەن مەنىدە، «بۇرقانبۇلاق» نامى «ئىلاھىي بۇلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بۇرغان» غا قاراڭ.

**بۇرۇلتوقاي** [福海(布伦托海)] ئالتاي ۋىلايىتىدى-كى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «بۇرۇلتوقاي» نامىنى نيۇروچېن ئەپەندى موڭغۇل تىلىدا «ئالا-چىپار دەريا قولتۇقى» دېگەن مەنىدە (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 148- بەت)، دەپ ئىزاھلىسا، يۈۋېيچىڭ ئەپەندى تۈرك (ئۇيـ-غۇر) تىلىدا «قالايمىقان چاتقاللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 182- بەت). يۈۋېيچىڭ ئەپەندىنىڭ بەرگەن تەبىرى «بۇرۇلتوقاي» ناھىيىسىنىڭ سۆزمۇ-سۆز تەبىرى بولۇپ، بۇرۇلتوقاي زېمىنىدا ئەگرى-بۈگرى ئېقىپ، ھەرخىل قولتۇق ھاسىل قىلغان ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ تولغانما يۆنىلىشىنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. «بۇرۇلتوقاي» دېگەن بۇ نام ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ قالايمىقان تولغىنىپ ئاقىدىغان شەكلىگە قارىتىل-غان بولۇپ، بۇ يەردىكى توقايلىقلار «بۇرۇلتوقاي» دەپ ئاتالغان.

**بۇغتى** [布格特] توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى بىر جاي-نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «بۇغۇتى» بولۇپ، «بۇغاتى» دىن ئۆزگەرگەن. «بۇغا كۆپ جاي» ياكى «بۇغۇلۇق» دېگەن مەنىدە.

**بۇلۇڭقشلاق** [布隆克什拉克] قەشقەر كونا شە-ھەر ناھىيىسىدىكى مەھەللە نامى. «ياندىكى ياكى چەتتىكى قىشلاق» دېگەن مەنىدە. «قىشلاق» قا قاراڭ.

**بۇيلۇق (بورلۇق)** [布依勒(鲁?)克] شىنجاڭدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان يېزا، كەنت، داۋان ناملىرىدىن بىرقانچىسى بار. تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق «بۇيلۇق» يېزىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق «بۇيلۇق كەنتى» (布依鲁克)، پىچان ناھىيىسىدىكى «بۇيلۇق داۋان»ى، پوسكام ناھىيىسىدىكى «بۇيلۇق كەنتى» (布亚勒克)، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «بۇيلۇق كەنتى» (布依鲁克) ۋە يەنە پوسكامدىكى «بۇيلۇق تاجىك يېزىسى» (布依鲁克) قاتارلىقلار بار. «بۇيلۇق» نامى ئەسلى «بورلۇق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بور» سۆزى «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «لۇق» بۇ نامنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى. «بورلۇق~بۇيلۇق» ئۈزۈملۈك دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇگۇر** [轮台(布古尔?)] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر بۇ نامنى «بۇركۇت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېسە، بەزىلەر قەدىمكى «بۆكۈ» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەل-گەن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر «بۆك» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولغان «بۆرك» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېيىشىدۇ. مەھمۇد قەش-قىرى «بۇگۇر» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، «بۇگۇر، كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 468- بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە «بۇگۇر» سۆزى قەدىمكى ئوغۇز-قىپچاق تىلىدىكى «دۆمچەك، ئۇچبۇرچەك» مەنە-سىنى «بۆكىر» سۆزى بىلەن مەنىداش بولۇپ، ئا. جەپەر ئوغلىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا ئىزاھلىنىشىدەك «ساغرا» دېگەنلىك بولىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995- يىل 2-سان، 58- بەت). ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى «ساغرا» دېگەن سۆز تاغ ئۈستىدىكى مەلۇم تۈزلەڭلىك ئورۇننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يەنە تاغ باغرى، ئەگرى-بۈگرى دېگەن مەنىلەرنىمۇ بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى

ئىزاھلىغان «تاغ ئۇستىدىكى قەلئە» سى ئەسلى «بۇگۇر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىلەن بىر سۆز بولۇپ، «ساغرا، دۇمچەك» شەكلىدىكى تاغ باغرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللار-دىكى «بۇگۇر» نامىنىڭ ئاتىلىشى بولغان «轮台 لۇنتەي» مۇ ئەمەل-يەتتە «تاغ ئۇستىدىكى قەلئە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «轮» خېتى «دۇمچەك ياكى ساغرا» دېگەن مەنىنى، «台» خېتى «قەلئە ياكى بېكەت، ئۆتەڭ» مەنىسىنى بېرىدۇ.

## پ

**پاتمانقاش** [帕特曼喀什] يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «پاتمانقاش» نامى ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «پاتمان» سۆزى قەدىمكى دەۋردىكى ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ ئاتىلىشى. بۇ نامنىڭ ئاساسى «پاتمان» بولۇپ، «قاش» سۆزى دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ قېشىنى كۆرسىتىدۇ

**پاتمانلىق** [帕特曼勒克] گۇما ناھىيىسىكى بىر كەنت-نىڭ نامى. «پاتمان» قەدىمكى دەۋردىكى ئېغىرلىق ئۆلچىمىنىڭ نامى. «پاتمانقاش» قا قاراڭ.

**پامان** [帕满] ئونسۇ ناھىيىسى قىزىل يېزىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. بۇ بىر قەدىمىي يۇرت. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەرنى مەركەز قىلىپ «بارخان» (barhan) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خانلىق قۇرۇلغان. بىزنىڭچە، «پامان» نامى «بارخان» ئىبلىنىڭ دەل ئۆزى، قەدىمكى «بارخان» نامى «پامان» غا ئۆزگەرگەن. «بارخان» نامى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە «بارمان» دەپ ئاتالغان. «بارمان» نامى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق «پامان» غا ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان شۈەنزاڭ خاتىرىسىدە بۇ نام سانسكرىتچە شەكلىدە «بالۇكا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «با-

لۇجيا» (跋禄迦) دۇر. ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى بۇ نامنى سانسكرىتچە «قۇم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قاراپ، قەدىمكى «قۇم» ئېلىنىڭ نامىغا باغلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 1- سان، 111- بەت). مۇسۇلمان تارىخچىلار بۇ شەھەر (بارخان-پامان) نى ئۆز ئەسەرلىرىدە «باقۋان، بارۋان، بارمان» شەكىللىرىدە يېزىپ كەلگەن.

**پەيزاۋات** [伽师] قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. قوجۇدىن تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەردە «قاشۇ» قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى دېيىلگەن. ئېھتىمال پەيزاۋاتنىڭ تارىختىكى نامى «قاشۇ» بولسا كېرەك. بۇ شەھەر-نىڭ نامى ئېھتىمال ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى «قوش ئاۋات» دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان. 1902- يىلى ناھىيە تەشكىل قىلىنغاندا، خەنزۇ تىلىدا «جياشى 伽师» (قاش) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچىدا بولسا، ئاھالە ناھىيە بازىرى قۇرۇلغان يېرىنىڭ نامى بىلەن «پەيز ئاباد» دەپ ئاتالغان. يەنى «پەيزى بار، ئاۋات يەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. كۇچا ناھىيىسىدىمۇ «پەيزاۋات» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 60- بەت). نيۇروچېن ئەپەندى بۇ نامنى «قاش دەرياسى» (伽师河) دىن كەلگەن، «قاش» سۆزى قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 137- بەت). ئېلى غوپۇر ئەپەندى تارىخنامىلەردىكى قەشقەر نامىنىڭ « 伽师 » دەپ ئېلىنغىنىغا ئاساسەن ھەم قەدىمكى پەيزۇئاۋاتنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى (سۇللاغ؟) ئېلىنىڭ مەركىزى بولغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى نامنى ئوخشاش مەنبەدىن كېلىپ چىققان، مەنىسى ئوخشاش، پەيزۇئاۋات دېگەن بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيزۇللا بەگنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1990- يىل 4- سان، 35- بەتتىكى ماقالىگە قاراڭ). بۇ نيۇروچېن ئەپەندىنىڭ قارىشىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇڭا بۇ قاراشنىڭ ئىلمىيلىكى بار. ئەمما، «پەيزاۋات» نامىنىڭ پەيزۇللا بەگنىڭ نامىدىن كەلگەنلىكىدە گۇمان بار، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**پوسكام** [泽普] قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى « 泽普 » بولۇپ، بۇ نام يەكەن دەرياسىنىڭ يەنە بىر نامى بولغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى « 泽勒普善 » سۆزىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشىدۇر. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر بۇ سۆزنى «پوست» ھەم «كام-كەم» ئىككى سۆزگە ئايرىپ، «پوس كەم» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ (يۈۋېيچېڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 96-بەت، نيۇروچېن «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ھەققىدە بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 138- بەتكە قاراڭ). ئەمما ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «پوسكام» سۆزىنى «پوست» ۋە «كەن» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزگە بۆلۈپ، ئەسلى «پوسكان» دىن پوسكامغا ئۆزگەرگەن، «پوست كەن» زىرائەتنى ئاقلايدىغان ياغۇنچاقخانا، قول تۈگمەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 60-بەت).

**پىچان** [鄯善(辟展)] تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ھازىرقى خەنزۇچە ئاتىلىشى قەدىمكى پىشامشان ئېلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ نام ئەسلىدىكى كىروران نامىنىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى ئىدى. بۇ نام ئەسلىدە خەنزۇچە « 鄯善 » دەپ ئاتالغان ناھىيىنىڭ (پىچان ناھىيىسىنىڭ) شەرقىي تەرىپىدە ئىدى. «پىچان» نامى قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان «خېشىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «پىچان» دەپ يېزىلغان بولۇپ «phueana» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسەردە، بۇ جاينىڭ نامى خەنزۇچە « 辟展 » دەپ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر

تىلدا «يېكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن (يۈۋېيچىڭ «شىنـ ـجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 33ـ بەت). بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە بەزىلەر، بۇ ئەسلى خەنزۇچە نام دەپمۇ قارىغان (يۇقىرىقىغا ئوخشاش). ئەمما، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ نام ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىرى «يېكەن» مەنىسى بولسا، يەنە بىرى «بېدە» مەنىسىدىن ئىبارەت («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996ـ يىل 2ـ سان، 60ـ بەت).

**پىشا** [皮夏] خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيىسىدىكى يېڭى قاشتېشى يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت ۋە بىر دەريانىڭ نامى. بۇ نام «پىشە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «پىشا» نامى قەدىمكى گۇما بەگلىكىنىڭ نامى «پىشىنا» دىن كەلگەن بولسا كېرەك، مۇھەممەت ئېلى مەتىمىن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، «پىشا» (پىشە) دىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئەجدادلىرىنى گۇمىلىق دەپ قارايدىكەن («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997ـ يىللىق 4ـ سان، 88ـ، 89ـ بەتلەردە قاراڭ). ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «پىشىنا» غا قاراڭ.

**پىشىنا** [皮西那] خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ھەم بىر يېزىنىڭ نامى. تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بەن گونىڭ «خەنـ ـنامە. غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى» دە بۇ نام قەدىمكى گۇما (皮山) بەگلىكىنىڭ مەركىزى قىلىپ كۆرسىتىلىپ «پىشىنا» (皮升南) دەپ ئاتالغان. شۇڭا بۇ نام يەنە «پاسيان»، «پاسىئان» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «پىشىنا» (ياكى «پىشا»، «پىشە») نامىنى ساكلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان «pasiani» ياكى «pasiakae» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دېيدىغان قاراش بىرقەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىللىشىچە، «pasiani ياكى pasiakae» دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر توپى ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە يوق. سىن جوڭمىيەن ئەپەندى قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان «皮山» سۆزىنى تەھلىل قىلىپ «pisiani» نىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «皮山» ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراش بىلەن بىرگە، بۇ جاينىڭ ئورنىنى ھازىرقى پوسكام ناھىيىسىدىن ئىزدەيدۇ ۋە «皮山» نامىنى «پوسكام» نامى بىلەن تەڭداش دەپ قارايدۇ («خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ جۇغراپىيە ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، «皮山» دىكى بۆلىكىگە قاراڭ). بىزنىڭچە، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بۇ نام ھازىرقى گۇما ناھىيىسى بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30km يىراقلىقتىكى پىشنا يېزىسى بولسا كېرەك («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4- سان، 88- بەت). بۇ نام ئەڭ دەسلىپىدە «شاھنامە» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «پىشە» بولۇپ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993- يىل 3- سان، 87- بەت)، «پىشنا» نامىدىكى «نا» قوشۇمچىسى خوتەن ساك تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان سۈپەت قوشۇمچىسى (لىق، لىك) دۇر.

## ت

**تاتا** [塔塔] يەكەن، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدىكى كەنت، تاغ ئېغىزى نامى. يەكەندە يەنە «تاتاساڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. سۇلتان مامۇت ئەپەندى «تاتا» نامىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان (1- توم، 632- بەت) «پاختەككە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش» نىڭ نامى «تارتار» بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ قاراش مۇۋاپىق بولسا كېرەك (سۇلتان

مامۇت «يۇرتىمىزدىكى بەزى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 70-بەتكە قاراڭ).

**تاتاساڭ** [塔塔仓] يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەنت يېزىسىدىكى كەنت نامى. «ساڭ» بىلەن «تاتا» غا قاراڭ.

**تار** [塔尔] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ۋە غۇلجا ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «تار» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «مايتىرى سىمىت» تا «تار» سۆزى «جىلغا» دېگەن مەنىدە كەلگەن. «قۇمتار» غا قاراڭ.

**تار ئايرىق** [塔尔艾日克] قاراقاش ناھىيىسىدىكى يەر نامى. بۇ يەر نامى «تار» ۋە «ئايرىق» سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «تار» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «جىلغا» («تار» غا قاراڭ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «ئايرىق» سۆزىنى مەھمۇد قەشقەرى «ئاجرىق، ئېجرىق- بىر خىل ئوتنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 50- بەتكە قاراڭ). دېمەك، بۇ نام جىلغىدىكى بىر خىل ئوتنىڭ نامىنى كۆرسەتكەن.

**تارلاق** [塔尔拉克] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «تارلاق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «بۈگۈر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 44- بەت) دە «ئۇيغۇر تىلىدا تار دېگەن مەنىدە» دەپ ئىزاھلىغان. «تارلاق» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاپچىغاي» سۆزى بىلەن تەڭداش بولۇپ، «ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن كەتكەن تار ئارىلىق (جىلغا)» نى كۆرسىتىدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 186- بەت).

**تارلاڭ** [塔尔郎] تۇرپان شەھىرى ۋە توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى دەريا، بۇلاق، تاغ ۋە غول نامى. «تارلاڭ» سۆزى «تار» دېگەن مەنىدە. «تارلاق»، «قاپچىغاي» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش كېلىدۇ. «تارلاق»، «قاپچىغاي» غا قاراڭ.

**تارىم** [塔里木] شىنجاڭ ۋە جوڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ نامى. چەرچەن، لوپنور، شايار ناھىيىلىرىدىمۇ شۇ نامدا ئاتىلىدىغان يېزا، كەنت ناملىرى بار. تارىم دەرياسى ئوراپ ئۆتىدىغان ۋادىمۇ تارىم ئويمانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. «تارىم» دېگەن نام توغرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت: ① سانسكرىتچە «sita» نامىغا باغلايدىغان قاراش. فېڭ چېنجۈن ئەپەندى «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ناملىق ئەسىرىدە «sita» نامىنى «يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ سانسكرىتچە نامى» دەپ قارىغان (فېڭ چېنجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، خەنزۇچە نەشرى، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 87-، 93- بەتلەر). ② ئۇيغۇرچە «ئېكىنزار»، «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەيدىغان قاراش. بۇ قاراش 1819- يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى»دە ئېيتىلغان «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلاشتىن كەلگەن. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمۇ 1990- يىلى نەشر قىلدۇرغان «تارىمدىن تامچە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ قاراشقا ئوخشاش قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان («ئوكيانۇس»، شائىخەي لۇغەت نەشرىياتى 543- بەت). ③«كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدىغان قاراش. بۇ قاراش مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تارىم» سۆزىگە بەرگەن يۇقىرىقى «... دەريا تارماقلىرى» دېگەن ئىزاھاتىدىن كەلگەن. بۇ يەردە مەھمۇد قەشقىرى «تارىم» نامىغا تەبىر بەرمىگەن، بەلكى «ئۇسمى تارىم دەرياسىنىڭ قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغان تارماق ئېقىنلىرىنى ئىزاھلىغان» (نيۇروچېن: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 108-، 152- بەتلەر). ④ چاغاتاي تىلىدىكى «پەلەك، ئاسمان» مەنىسىنى بېرىدىغان «تارەم» سۆزىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1991- يىل 1- سانىغا قارالسۇن). ⑤ قەدىمكى ئەمەل نامىدىن كەلگەن،

دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1992- يىل 1-سان، 44- بەت). ⑥ «تارىم» دېگەنلىك «تەگرى» دېگەنلىكتۇر. پىللىئوتنىڭ قارىشىچە، تەگرىم سۆزى «تەرىم» (tarim) گە، «تەرىم» بولسا «تارىم» (tarim) غا ئۆزگەرگەن (خامىلتون: «بەش دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى 72-، 172- بەتلەر). قەدىمكى ھون تىلىدا «ئىلاھ» سۆزى «تەگرى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «تەگرىقۇت»، «تەگرىتاغ» ناملىرى قويۇلغان. ئەلۋەتتە تەگرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىن سىرغىپ چىققان تارىم دەرياسىمۇ «تەگرى سۇ» ئىدى. مەنىسى ئىلاھ، مۇقەددەس تاغ ياكى دەريا دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شاھزادىلەرگە «تارىم» دەپ نام بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنۇشى كېلىپ چىققان. كېيىن خان ئەۋلادلىرى، ئوردا خېنىملىرى بۇ مەرتىۋىگە نائىل بولغان (مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 514- بەت). قىسقىسى، «تارىم» نامى «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر»، «ئېكىنزارلىق»، «ئېقىن-دەريا»، «ئېتىز-ئۆلكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ مەنىسى «تەگرى»، «تەگرىم» دېگەنلىك بولۇپ، مۇقەددەس، ئىلاھ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**تاز بۇلاق غەربىي تېغى** [碱泉子西北山] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «تاز» سۆزىنىڭ «تېتىر» سۆزى بىلەن مەنىداشلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا «تاز بۇلاق» دېگەن بۇ نام «شور بۇلاق»، «شورلۇق بۇلاق» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تاز دالا** [塔孜达拉] سانجى شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «تاز». شىنجاڭدا «تاز» سۆزىنى ئاساسىي يىلتىز قىلىپ ئاتىلىۋاتقان بىر نەچچە يەر نامى بار. «تاز» سۆزى كۆرسەتكەن مەنىدىن ۋە جۇغراپىيىلىك تۇزۇلۇشىدىن

قارىغاندا، بۇ سۆز «تاتراك» ، «تېتىر» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش كېلىدۇ. خۇددى مەھمۇد قەشقىرى ئىزاھلىغاندەك: «ئۆسۈملۈك ئاز ئۆسىدىغان، زەي، شورلۇق» يەرلەر «تاز يەر» دېيىلىدۇ («تۈركى تىللار دىۋانى» ، 3- توم، 203- بەت). دېمەك، «تاز دالا» دېگەن بۇ نام كەڭ كەتكەن تاقىر بوزلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

**تازغۇن** [塔孜洪] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇنام ئەيىنەن ساقلانغان نام. مەھمۇد قەشقىرى «تازغۇن» نامى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «تازغۇن، فىرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەريا ۋادىسى (ئېقىنى). بۇ سۆز 〈دەريا〉 دېگەن مەنىدىكى 〈ئۆگۈز θgüz〉 سۆزىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 570- بەت). بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار «تازغۇن» نامىنى «قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ئېقىن» دەپ ئىزاھلانغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ يېزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن «گەز دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئېقىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەمما مەھمۇد قەشقىرى بۇ دەريانىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان، پەقەت بۇ دەريانى (يەنى گەز دەرياسىنى) «فىرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەريا ۋادىسى (ئېقىنى)» دەپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن.

**تاز قۇرغان** [塔孜库尔干] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامدىكى «تاز» سۆزى «ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان، زەي، شورلۇق يەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «قۇرغان» ئەسلى «قورغان» بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، «تاز قۇرغان» نامى ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان، زەي، شورلۇق جاينىڭ قورغان قىلىنغىنىغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تازقۇم** [塔孜库木] بۇرچىن، جېمنەي ناھىيىلىرىدىكى بىر قۇملۇقنىڭ نامى. «تاز» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، «ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان، زەي، شورلۇق» جايلارنى كۆرسەتكىنىدىن قارىغاندا، «تاز قۇم» نامى «گىياھ ئۈنمەيدىغان» ياكى قاقاس قۇملۇق

دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تازلا** [塔孜拉] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بىزنىڭچە، بۇ نام ئەسلى «تاز دالا» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تاز لەنگەر** [塔孜兰干] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «تاز» سۆزىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، «تاز لەنگەر» دېگەن بۇ نام «قاقاس ئۆتەكەل» ياكى «قاقاس قونالغۇ» (قاقاسلىقتىكى قونالغۇ، ئۆتەكەل) دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تازلىق** [塔孜勒克] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ئاقتۇ ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. «تازلىق» نامى «تېتىرلىق» (گىياھ ئۈنمەيدىغان) دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «تاز دالا» غا قاراڭ.

**تاشقورغان** [塔什库尔干] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى (شەھەر) نىڭ نامى. «تاشقورغان» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نام بولۇپ، «تاش بىلەن قورشالغان شەھەر (تاش پاسىللىق شەھەر؟) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاشمىلىق** [塔什米里克 — 沁成] بۇ ئىككى ئاھاڭداش ھەم مەنىداش نامنىڭ ئالدىنقىسى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا نامى؛ كېيىنكىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە (شەھىرىگە) قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ ئىككى نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «تاش بالىق» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاش شەھەر»، «تاش كەنت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بالىق» سۆزىدىكى «ب» تاۋۇشى قەشقەر شېۋىسىدە «م» تاۋۇشىغا، قۇمۇل شېۋىسىدە «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن.

**تاشۋىلىق** [沁城] قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. «تاشمىلىق» قا قاراڭ.

**تاغ داشمان** [塔格达西曼] كېرىيە ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «تاغ داشمان- دۆڭ ياكى تاق داشمان» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«داش» قا قاراڭ.

**تاڭ** [塘(唐?)] مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدىكى مەھەللە نامى. باشقا ناھىيىلەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەر ناملىرى بار. مەسىلەن، جېمىنەي ناھىيىسىدىكى «تاڭئات» نامى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى «تاڭلى» نامى قاتارلىقلار. «تاڭ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا «بىر ئۇلۇش» دېگەن مەنىدە، قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرىدە «ساراي» دېگەن مەنىدە، «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «خارابە» دېگەن مەنىدە ھەم ئارغۇچە «ئەگلەك، ئەلگەك» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، 137ـ بەت). قارىغاندا بۇ يەر ناملىرى «بىر ئۇلۇش جاي»، «ساراي، قونالغۇ»، «خارابە، ئىز» مەنىلىرىدە كەلگەن بولسا كېرەك.

**تاڭئات** [唐阿特] جېمىنەي ناھىيىسىكى بىر يەر نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «تاڭ ئارت» بولسا كېرەك. «تاڭ» غا قاراڭ.

**تاڭبالى** [唐巴勒] جېمىنەي، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، تېكەس، گۇچۇڭ، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى كەنت، دەريا، ساي، تاغ نامى. «تاڭبالى» دېگەن بۇ نام قازاق تىلىدا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «تامغا»، «تامغىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جايلاردىكى ساي، جىلغىلاردا قەدىمكى مىللەتلەردىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرى، بالباللار ۋە ھەرخىل شەكىل، ئۇسلۇبتا ئويۇلغان تامغا-بەلگىلەر بار. شۇڭا بۇ جايلار قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە «تاڭبالى» (تامغىلىق) دەپ ئاتالغان.

**تاڭلى** [唐里] تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «تاڭ» غا قاراڭ.

**تامغا تاش** [塔木格塔什] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى تاغنىڭ ۋە تاغ چوققىسىنىڭ، تاغ ئېغىزىنىڭ نامى. چوققا، تاغ ئېغىزىنىڭ ناملىرى تاغنىڭ نامىدىن كەلگەن. «تامغا تاش» دېگەن بۇ نام ئۇزۇن

بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «تاگبالى» غا قاراڭ.

**تەكلىماكان** [塔克拉玛干] تارىم دەرياسى ئوراپ تۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دۇنياغا مەشھۇر چۆللۈكنىڭ نامى. بۇ ھەقتە مۇنداق قاراشلار بار: ① غەربىي يۇرتقا شۈەنزاڭدىن ئىلگىرى ئەسىر بۇرۇن كەلگەن فاشيەننىڭ بۇ قۇملۇقنى «قۇم ئېقىنى» (沙河) دەپ ئاتىشى ۋە ئۇنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى يۇقىرىقىدەك تەسۋىرلىشى بىلەن «تەكلىماكان» نامىنى «قۇم ئېقىنى» دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بولغان (گوپىڭ ئىزاھلىغان: «فاشيەن〈بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت〉 نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى»، چاڭچۈن نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 4-، 5-بەتلەر). ② «چوڭ كۆچمە قۇملۇق» (大流沙) دەپ قاراش (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان «شۈەنزاڭ〈ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا ساياھەت〉 نىڭ سىلىشتۇرما ئىزاھى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 1030-، 1031- بەتلەر). ③ «تەكتى ماكان» دەپ قاراش. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر ئۇنىڭ «ئەسلى ماكان»، «يەر ئاستىدىكى گۆھەر زېمىن»، «سىرلىق ماكان»، «تىلسىمات ماكان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1985- يىل 4- سان). ④ «تەك»، «تەكلىك» سۆزلىرى «ئۇرۇم»، «ئۇرۇملۇك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «تەكلىماكان»- «ئۇرۇم يۇرتى، ئۇرۇم بولىدىغان جاي» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قاراش («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى خەنزۇچە نەشرى 1985- يىل 1- سان). ⑤ «تاشلاندۇق ماكان-تەرك ماكان» دەپ ئىزاھلايدىغان قاراش («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى 1986- يىل 1-، 4- سانلىرى). ⑥ «كىرسەڭ چىقالمايسەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەيدىغان قاراش («سىخەي»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1980- يىل نەشرى، 544- بەت). ⑦ تۈرك تىلىدا «قۇم دېڭىزى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ تەبىر بېرىدىغان قاراش (فىڭ چىنجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى خەنزۇچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەشرى 92- بەت). ⑧ خوتەن، كىرىيەلەردىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تەبىرى بويىچە «چېھلى ماكان» (ھىندى-ئىران تىللىرىدا «قىرق ماكان») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەيدىغان قاراش. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇچا، كورلا ئەتراپىدىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تەبىرى بويىچە «تەھلىك ماكان» (ھىندى-ئىران تىللىرىدا «يوقالغان»، «بەكار قالغان») دېگەن مەنىدە دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان). ⑨ شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى بولغان «تەكە» سۆزىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى 1998- يىل 3- سان، 39- بەت). ⑩ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى «گۆك-گۆك ئاۋاز» مەنىسىنى بىرىدىغان «تەچى» [تاكلا؟ — ئا(taqi)] سۆزى بىلەن «ماكان» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، دەيدىغان قاراش («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999- يىل 5-سان، 36- بەت). ⑪ قەدىمكى «توخار» قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلغان «takla» دىن كەلگەن، دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1987- يىل 4-سان 164- بەت). ئۇنداقتا، «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى نېمە؟ بىز بۇ سوئالغا ئاخىرقى قاراشنىڭ توغرىلىقى بىلەن جاۋاب بېرىمىز: «تەكلىماكان» نامى «تاكلا ماكان» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. سۋېن ھېدىن: «خوتەن ئەتراپىدا توخلا [تاكلا — ئا؟(tochla)] دېگەن بىر يېزا بار، بۇ توخارلاردىن قالغان ئىسىم» دەپ مەلۇمات بەرگەن. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە تېخىمۇ ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن: «سۋېن ھېدىن ‹takla› (تەكلى) نى جۇڭگو مەنبەلىرىدە ‹tu—hu—lo› دېگەن شەكىلدە يېزىلغان ‹توخار› ‹tohar› نامى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. خوتەن ئەتراپىدىكى كىچىك بىر يۇرت ‹tokla› دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. سۋېن ھېدىن قۇملۇق ئىچىدىكى قەدىمكى بىر شەھەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، يەرلىك خەلق ئارىسىدا بۇ شەھەر ‹taklamakan› دېيىلىدۇ.» («تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبول، 1979- يىل نەشرى، 30- توم، 362- بەت). دېمەك «تاكلا»

نامى قەدىمكى توخار قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە دۇن-
خۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي
يۇرتتىكى توخار قەبىلىلىرى ئۇرۇش دەستىدىن كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ،
چەرچەندە قېپقالغان بىر تارمىقى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە هاكىمە-
يەت قۇرغان، بۇنى شۇەنزاڭ «قەدىمكى تۇخۇلو ئېلى» دەپ ئاتىغان.
شۇەنزاڭ تىلغا ئالغان «تۇخۇلو ئېلى» ئەمەلىيەتتە هازىرقى خوتەن
ئەتراپلىرىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان «توخار ئېلى» نىڭ نامى
بولۇپ، ئۇلار ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريانىدا قانچىلىك ئۆزگىرىش-
لەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار شىنجاڭنىڭ جەنۇ-
بىغا كۆچۈپ كېلىپ باشقا خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇلارغا
سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك نامىنى ساقلاپ قالغان.
تا هازىرغىچە شىنجاڭ، جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا «توكلا»، «توخلا»
— «تاكلا» (塔克拉) نامىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، بۇ زېمىندا
قەدىمدىن بۇيان پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە تو-
خارلارنىڭ ئېخىمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. دېمەك، «تەكلىماكان» دېگەن بۇ نام «توخارلار ماكانى» دېگەن
مەنىدە بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە «تاكلا» ياكى «توخلا» دەپ ئاتالغان،
كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن «ماكان» سۆزى قوشۇ-
لۇپ «تەكلىماكان» دەپ ئاتالغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-
تى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1987- يىلى 4- سان، 162-، 163- بەتلەر).

**تەلكە** [果子沟(塔勒奇)] ئورنى قورغاس ناھىيىسى-
دە، سايرام كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى ئاقتاغ
جىلغىلىرى ئىچىگە جايلاشقان كەڭساي دەپ ئاتالغان چوڭ جىلغا ئارىلى-
قىدىكى يەر نامى. يەنە مىلادى 1761- يىلى قۇرۇلغان «تەلكە قەلئەسى»
نىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نام «تەلكە» دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ نامىغا
ئاساسەن قويۇلغان. «كەڭساي» بولسا، «تەلكە سېيى» نىڭ يەنە بىر
خىل ئاتىلىشى. «تەلكە» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بەزىلەر

www.uyghurkitap.com



«تەلۋە» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ نامنى «بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى («تۈركى تىللار دىۋانى» دا يېزىلىشىچە) 〈تالقىغ〉 بولۇپ، 〈تاغلارنىڭ تۇتاشقان يېرى〉 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 62- بەت). ئەمما «تارىخىي رەشىدى» نىڭ 1- كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 174- بەتتىكى ئىزاھتا بېرىلگەن «تەلكە ئېغىزى» سايرام كۆلى ياكى سۈت كۆلدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلى دەرياسىغا بارىدىغان يولدىكى تاغ ئېغىزى. تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بۇ تاغ ئېغىزىنى kulugha دەپ ئاتايدۇ. موڭغۇللار بولسا Timur—khalaga دەپ ئاتايدۇ. دوكتۇر برېتشنېيدىر: «موڭغۇل تىلىدا 〈قالاقا〉 ياكى 〈قالقا〉 دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 〈تاغ ئېغىزى〉 ياكى 〈دەرۋازا〉 دېمەكتۇر، 〈تېمۇر〉 نىڭ مەنىسى بولسا 〈تۆمۈر〉 دېمەكتۇر، دەپ ئىزاھلايدۇ» (غوجا ئەخمەت يۇنۇس «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار»، 156- بەت) دېگەن ئىزاھتىن قارىغاندا، بۇ نام مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئالغان («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-توم، 504- بەت) ۋە «ئېغىز، تۆشۈك، جىرا» مەنىسىنى بېرىدىغان «تەلىك təlik» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى تەلكە ئېغىزىدىن تەلكە داۋىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەڭ كەتكەن ساي، جىرا يولى بار.

**توخۇلا** [吐乎拉（吐葫芦）—托乎拉] كوچا، ئارا تۇرۇك، قاراقاش، بۇگۇر، خوتەن ناھىيىسى، ئۇنسۇ ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى يېزا، كەنتلەرنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر بۇ نامنى «توخۇلار» (توخۇ لەقەملىك- لەر) دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. «بۇگۇر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە (خەنزۇچە، 61- بەت) «توخلا» (ئىككى ياشلىق قوي) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېسە، «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە موڭغۇل تىلىدا «يۇملاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (خەنزۇچە، 63- بەت) دەپ قارايدۇ. ئەمما

تۈركىلوگلار بۇ نامنى قەدىمكى «توخار»، «توخرى» قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «هارۋا» (ئارابە) نى «قاڭقى» دەيتتى. بۇ قاتناش قورالىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قەۋملىرىنى قوشنا قەۋملەر «توخرىلار» دەپ ئاتىغان. قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىن «دوڭ خوز» (شەرقىي غوز) تىلىدا «هارۋا» نى «توخرى» دەيدۇ. غەربكە كۆچۈپ، هاكىمىيەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي ئەللەر «توخار» دەپ ئاتىغان. X ئەسىردىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە «توخرى تىلى» دەپ ئۇچرايدۇ، توغرىسى «توخرى» بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 62- بەت). ئەمما تارىخىي ماتېرىيال ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «توخار» (ياكى توخرى) دەپ ئاتالغان قەۋملەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش تارىخى ناهايىتى ئۇزۇن بولۇپ، مىلادى 9- ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن.

**توخۇلۇ** [吐葫芦] ئارا تۈرۈك ناهىيىسىدىكى يېزا نامى. «ئارا تۈرۈك ناهىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» («خەنزۇچە نەشرى»، 63- بەت) دە خاتا ئىزاھ بېرىلگەن. توغرىسى، «توخرى» ياكى «توخۇلۇ» شۇ قەبىلە نامىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيەلىك تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. «توخۇلا» غا قاراڭ.

**تورغات** [图鲁噶尔提] ئۇچتۇرپان ۋە ئۇلۇغچات ناهىيىسىدىكى بىر كەنت ھەم بىر تاغ ئېغىزىنىڭ نامى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ نام بىلەن يىلتىزى بىر، ئەمما ئېيتىلىشتا چوڭ پەرق قىلمايدىغان يەر ناملىرىدىن خېجىڭ ناهىيىسىدىكى «تۇرغۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر داۋاننىڭ نامى بىلەن جىمسار ناهىيىسىدىكى «تورغاۋت سۇ» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى بار. «تورغان تاغ ئېغىزى» نامى مۇشۇ ئېغىزنى هاسىل قىلغان تورغات تېغىنىڭ نامىدىن كەلگەن. «تورغات» نامى ئەسلىدە «تارىخىي رەشىدى» دە «بارغۇت Bărgut» (巴尔扈特) دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىلغا ئېلىنغان موڭغۇل قەۋمىدىكى «تۇرغۇت Tŭrghùt» (土尔扈特) قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوتنىڭ «قالماق تارىخىغا شەرھ» ناملىق ئەسىرىدە شەرھلىشىچە، بۇ نام ئەسلىدە «تورغاۋۇت (托尔郭特) Turghaghut» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئوبۇلغازى تىلغا ئالغان «Turghaut – تۇرغاۋۇت» (土尔哈乌特) بىلەن بىر قەبىلىنى كۆرستىدۇ. بۇ نام يەنە «تورغۇت Torghout» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پېللىئوت ئەپەندى بۇ قەبىلىنىڭ نامىنى ئەسلى «تۇرغاق» ، كېيىن ئۆزگەرگەن، تۈرك تىلىدا «تۇرغاق» سۆزى «جېسەكچى» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئۇ ئېھتىمال «تۇرغاۋۇت» (Turghaut) موڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدىكى بىر خىل ئەمەل نامى بولسا كېرەك، بۇ نام «قوغدىغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقى ئەسەر، خەنزۇچە نەشرى، 119-، 127- بەتلەردىكى مەزمۇنلارغا قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا «تۈركى تىللار دىۋانى» دا چۈشەندۈرۈلۈشىچە:«تورىغ ئارت تېز- قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا «تورغات» «تورىغ ئارت» سۆز بىرىكمىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. «تورىغ» – «تۇرۇغ» (تۇراق، تۇرا، تاغ تۇرا) نىڭ بىر ۋارىيانتى بولسا كېرەك. «ئارت» بولسا داۋان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن «تورغات» دېگەن بۇ نام «تۇرا داۋان» (تۇرا ياسالغان داۋان) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قاراشقا بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 62- بەت).

**تورغاۋت** [托尔尕吾提] جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بىر ئېقىن (سۇ) نىڭ نامى. شۇڭا بۇ نام «تورغاۋت سۇ» (托尔尕吾提苏) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نام «تورغۇت» ، «تورغات» مۇ دېيىلىدۇ. «تورغات» قا قاراڭ.

**تورغۇت** [陶尔古特] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. بۇ نام موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، «تورغات» ، «تورغاۋت» مۇ دېيىلىدۇ. «تورغات» بىلەن سېلىش-

تۇرۇك.

**توغاچ** [托尕齐] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. يەكەندە يەنە «توغاچلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت نامى، مارالبېشى ناھىيىسىدە «توغاچمەھەللە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە نامى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى بولغان «توغاچ» نىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، باشقىلار ئىزاھلىغاندەك، «تاۋغاچ» بىلەن مۇناسىۋەتسىز (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 80- بەت).

**توغرال** [托格拉勒] قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ئۈچ كەنتنىڭ نامى. سۇلتان ماھمۇت ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «توغرال» نامىنىڭ ئەسلىسى «توغرۇل» بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 629- بەتتە «توغرۇل» سۆزىگە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «توغرۇل- بىرخىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، 1000 ئۆردەكنى ئۆلتۈرۈپ، بىردىنلا يەيدۇ، بۇ سۆز ئەر كىشىنىڭ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ». دېمەك، «توغرال» نامى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بىر قەدىمكى گۆشخور قۇشنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كېرەك («يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 9- بەت).

**توقسۇ** [新和] ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىدىكى خەنزۇچە نامى « 托克苏 » دەپ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمە بويىچە ئاتالغان بولۇپ، 1930- يىلىدىن بۇيان شۇنداق ئاتالغانىدى. ئەمما 1941- يىلىغا كەلگەندە بۇ نام «توقسۇن» ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى « 托克逊 » بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، خەت-چەك، ئالاقىدە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىكەن، دېگەن باھانە بىلەن «شىنجاڭ مەڭگۈ تىنچ» (« 新疆永久和平 ») سۆزىدىن قىسقارتىپ « 新和 » دەپ ئاتىلىدىغان خەنزۇچە نام ئىشلىتىلىشكە باشلىدى (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 72- بەت). بۇ نامنىڭ (يەنى

www.uyghurkitap.com



توقسۇ نامىنىڭ) كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بۇنىڭ بىرى، «توق سۇ» يەنى سۈيى مول جاي دېگەن مەنىدە دەپ قاراش بىلەن، يەنە بىرى شەرقىي غۇز (تۇڭ خۇ) تىلىدىن مانجۇ تىلىدا «توقسۇ» - «باغ، گۈلىستان» دېگەنلىك بولىدۇ («شىنجاڭ تەز-كىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 62- بەتكە قاراڭ) دەيدىغان قاراش.

**توقچەك** [托克切克] توقسۇ ناھىيىسى ئىچېرىق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «توقۇچەك» نامى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق بىرەر ئېتىمولوگىيىلىك قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر قەدەر قىيىنراق. «توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (ئۇي-غۇرچە نەشرى، 50- بەتكە قاراڭ) دا «توقچەك» دەپ ئېلىپ، «ئېيتىش-لارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 950 يىل بۇرۇن، بۇ جاي بىر پارچە كەڭ توغراقلىق بولۇپ، توقچەك دېگەن ئۇچار جانىۋار (قۇش) كۆپ ياشىغان، شۇنىڭغا ئاساسەن، 〈توقچەك〉 دەپ نام بېرىلگەن، مەنىسى، توقچەك دېگەن ئۇچار قۇش كۆپ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىلگەن. بىزنىڭچە، بۇ تەبىر مۇۋاپىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇغىتى» دە بۇ نام «توقچەك» دەپ ئېلىنغان. بىز مۇشۇ ئاتاشنى ئاساس قىلدۇق. سۆزنىڭ ئېيتىلىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل ئادىتىدىن قارىغاندا، «چەك» سۆزى قوشۇمچە سۈپىتىدە بىرەر ئىسىمغا ئۇلىنىپ كېلىپ، كىچىكلىتىش مەنىسىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئالدىدىكى سۆزنى «توقى» دەپ قارىساق، ئۇھالدا بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل بولۇپ كېلىپ، «ئۇرماق، توقۇماق، ياسىماق ياكى تىكمەك(دەرەخنى)» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر «توقى» سۆزى-نى «توغى» دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ھەم سۈپەت، ھەم ئىسىم بولۇپ كېلىپ «تۇمان، توزان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

**توقسۇن** [托克逊] تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر

ناھىيە (شەھەر) نىڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئاچا تاغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى. كېيىنكى ئىككى نام ئالدىنقى نامنىڭ ۋارىسى بولسا كېرەك. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «مېھرى شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ تەزكىرىسى» دە «دوجىن» دەپ يېزىلغان نامنىڭ (Toqcin) سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەگەر بۇ نام «توكسىن» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توكسىن-ئاددىي خەلقتىن بولۇپ، خاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشى» (مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاي قەدىمدىن بۇيان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقتىن، «توكسىن Toqcin » مەنسىپىدىكى كىشى تۇرغان كەنت بولۇپ، كېيىنچە مۇشۇ مەنسەپ نامى بىلەن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر «توقسۇن» نامىنى «توقسەن» رەقىمى بىلەن باغلايدۇ. ئەگەر «توقسەن» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ سۆز «توققۇز ئون» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «تۈركى تىللار دىۋانى» (1- توم، 569- بەت). دا «توقسەن» رەقىمى مۇنداق ئىزاھلانغان: « toksun توقسەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى tokuzon ‹ - توققۇز كەرە ئون› بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن ». ئېھتىمال «ئون تۈتۈن» دىن بىر مۇنچە ئاھالە ياشايدىغان جاي بولغاچقا، «توققۇز ئون» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل ، 2-سان، 63- بەت).

**توققۇزتارا** [巩留] ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولغان تېكەس دەرياسى ئارىلىقىدىكى نۇرغۇن ئوتلاقتىن تەركىب تاپقان بۇ جاي تۈركى تىلدا خاسىيەتلىك ھېسابلانغان «توققۇز» سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، «توققۇزتارا» دېگەن بۇ نام «توققۇز تارام» (توققۇز ئېقىن)

دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ (يۇۋېيچىڭ«شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 160ـ بەت). لېكىن شائىر بىلال نازىم ۋە تارىخچى موللا مۇسا سايرامىلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، «تارام» (ياكى تارا) ئەمەس، «تالا» يەنى «دالا» بولۇپ، كەڭ دالا ياكى كەڭ يايلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996ـ يىل 2ـسان، ئۇيغۇرچە نەشرى، 62ـ بەت). «توققۇزتا-را» نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «巩留» دېگەن بۇ سۆز كونەس ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «巩吉斯» سۆزىنىڭ بېشىدىكى «巩» خېتى بىلەن «توققۇزتارا» نامىنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلە-شى بولغان «特克斯塔留» سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدىكى «留» خېتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن شۇنداق ئاتىلىپ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ قېلىنغان.

**توگتۇر** [通吐尔] ئۇنسۇ ناھىيىسىدىكى ئىككى جاي-نىڭ نامى. «توڭ» ۋە «تۇر» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. مەنىسى، توگلۇق-تىكى تۇر، توگدىن ياسالغان تۇر دېگەنلىك بولسا كېرەك. «تۇر» غا قاراڭ.

**تولى** [托里] تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ، جىڭ ۋە ئۇرۇمچى ناھىيىلىرىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسەردە «تولى» نامى موڭغۇل تىلىدا «ئەينەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (يۇۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 172ـ بەت)، دېيىلگەن. نيۇرۇچېن ئەپەندى بۇ خىل تەبىرگە ئاساسەن، بۇلاق سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ئەينەكتەك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان («شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 147ـ بەت)، دەپ قارايدۇ. ئەمما قەدىمكى تۈركىي كىتاب-ۋەسە-قىلەردە «تولى» سۆزى، 1) تولا، مۆلدۈر؛ 2) بىرەر نەرسىنىڭ چۆرىسى،

ئەتراپى؛ 3) تولۇق، تولغان، لىق؛ شەرقىي غۇز- مانجۇ تىلىدا «خىسلەت-لىك مەنزىرە» ياكى «خىسلەتلىك كۆزگۈ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، تاغ-ئېدىرلىرى، جىلغا-دەريالىرى كۆپ-تولا بولغاچقا، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «تولى» (تولغان، خىس-لەتلىك) دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 63- بەت)، دەپ قارايدۇ. پارس تارىخچى-سى راشىددىن «جامىئۇت تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-جىلد، 1-قىسمىدا جالايىر قەبىلىسىنىڭ 10 تارماق قەبىلىسىنى تىلغا ئالغان. بۇ تارماق قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە ھەر بىر تارمىقىنىڭ ئادەم سانى خېلى كۆپ قەبىلىلەردىن ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە «türi» (秃里) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلە نامى بار بولۇپ، بۇنام بۇ ئەسەرنىڭ B نۇسخىسىدا «büri» دەپ ئېلىنغان (يۇقىرىقى كىتاب، 150- بەت). سۈبېيخەي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە «تولى» نامى مانا مۇشۇ «türi» تارماق قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، خەنزۇ يېزىقىدىكى « 托里 » خېتى بولسا، « 秃里 » خېتى بىلەن ئوخشاش ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ (سۈبېيخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 377- بەت).

**تۇرپان** [吐鲁番] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ۋىلايەت (شەھەر) نىڭ نامى. «تۇرپان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىر-غىچە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار مىلادى 982-983- يىللاردا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «ھودۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «تۇفقان» دەپ ئاتىل-دىغان يەر نامىغا ئاساسەن جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە ئېيتىلىدىغان « 贪汗山 » بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، «تەڭرىتاغ» بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ. مىنورىسكىي بۇ سۆزنى «تۇرپان» سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى دېسە، خامىلتون «پارسچە يېزىق شەكلىدىن قارىغاندا، (تەڭرىتاغ) سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1999- يىل 2- سان، 47- بەت). ئەركىن ئىممىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى بۇ قاراشلارغا ئاساسەن هون تىلىدىكى «تەگرى» سۆزى بىلەن باغلاپ، «تافقان» نى «تەگرى-تاغ» دەپ قارايدۇ ھەمدە «تافقان ← تۇفقان ← تۇرفان ← تۇرپان» بولۇپ ئۆزگەرگەن دەپ قاراپ، «تۇر» سۆزى ياقۇت تىلىدا «تەگرى» دېگەن مەنىدە. «پان» سۆزى پارس، سوغدى ۋە تۈركىي تىللىرىدا «ئۇلۇغ، بۈيۈك، كەڭ، مۇقەددەس» دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ (يۇقىرىقىدەك). مۇھەممەد رېھىم ھاجى ئەپەندى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى «tüp» (تۈۋ، تەكىت) سۆزى بىلەن «ئەن» (ئەن يەر، ئويمان يەر) مەنىسىنى بېرىدىغان «تۈپ ئان» سۆزىنىڭ بىرلەشمىسى، دەپ قارايدۇ («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999- يىل 5- سان، 36- بەت). نيۇروچېن ئەپەندى تىبەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان « 吐蕃 » سۆزىدىكى « 蕃 » خېتىنىڭ قەدىمدە «pan» ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئاساسەن، شۇ سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىگە مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 121- بەت). مەرھۇم رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندى «تۇرپان» نامىنى موڭغۇل تىلىدا «مېۋىلىك» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 1- سان، 65- بەت). تاتار تارىخچىسى قۇربان غەلىي خالىدى «كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» («تارىختىن يېڭى خاتىرىلەر») ناملىق ئەسىرىدە «تۇرپان» نامىنى «تارسوس» نامىدىن «تارپۇس» قا، ئۇنىڭدىن «تۇرپۇن» غا، ئۇنىڭدىن «تۇرپان» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ (شۇ كىتاب، تاتارچە، 76-، 77- بەتلەرگە قاراڭ). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «〈تۇرپان〉 دېگەن نام 12- ئەسىردىن كېيىن قويۇلغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىمايدۇ» دەپ قاراپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاربان» ياكى «تۇربان» — تەكچە مەنىسىدە، «تۇربۇن» سۇرۇشتۇرۇش، «تاربىن» بولسا «تۈركلەردىن بىر گۇرۇھ خەلقنىڭ نامى» («تۈركى تىللار دىۋانى») دەپ قارايدۇ

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 63- بەت).
قولىمىزدىكى بار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، «تۇرپان» نامى ساپ قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، مىلادى 12- ئەسىرلەردىن خېلى بۇرۇنلا
قويۇلغان. مۇگاۋ غارى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى پارچە قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتە « turpan» شەكلىدە ئۇچرايدۇ (لى
جىڭۋېي «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆج-
جەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 273-، 278- بەتلەرگە
قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا، پېللىئوت 1931- يىلى ئېلان قىلغان «ساك
تىلىدىكى بىرقانچە غەربىي يۇرت نامى» ناملىق ماقالىسىدە «تۇرپان»
نامىنىڭ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ساك تىلىدىكى بىر پارچە ھۆج-
جەتتە «Pturpamni» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ (فېڭ
چېنجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-
جۇغراپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە
توپلىمى»، سودا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 1- جىلد،
2- توپلام، 46- بەت). دېمەك بەزىلەر ئىزاھلىغاندەك بۇ سۆزدىكى
«پان» سۆزى پارسچە ئەمەس، « 贪汗山 » نامى بولسا، «تۇفقان»
بولماستىن، «تۇرپان» نامىدا ئاتالغان تاغنىڭ ئۆزى بولسا كېرەك.
چۈنكى، خاملتون ئېيتقاندەك «تۇفقان» ئەسلىدە «تۇرپان» سۆزىنىڭ
پارسچە بۇزۇلغان شەكلىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ «تەڭرىتاغ» نامى بىلەن
مۇناسىۋىتى يوق. بىزنىڭچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەكچە» مەنىسىنى
بېرىدىغان «تاربان» ياكى «تۇربان» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك.
ئۇنداقتا بۇ سۆز ساك تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولىدۇ.

**تۇغۇچى** [图呼其(?)] قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي
شىمال تەرىپىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ قۇمۇل رايونىدىكى ئەڭ
قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بىراق، بىز بۇ شەھەر ۋە نام
توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. سەمەت ئەسرا
ئەپەندى «تۇغۇچى» نامىنى «تۇغ تۇمان، ئۇرۇش، جەڭلەرنىڭ بېشى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1991- يىل 4- سان، 51- بەت). ھالبۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇغ» سۆزى ھازىرمۇ قوللىنىلىدىغان بولۇپ، قەدىمكى تىلدا «تۇغ، بايراق، ئەلەم» دېگەن مەنىلەردىن باشقا، يەنە «قاپقاق»، «توسالغۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «خاننىڭ ھوزۇرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق»، «تۇغ» دېيىلىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 174- بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، خاننىڭ ھوزۇرىدا دۇمباق چالغۇچى ئەلۋەتتە «تۇغچى» دېيىلىدۇ. بىز «تۇغۇچى» نامىنى «تۇغچى» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز. قوشۇننىڭ بېشىدا يۈرگۈچى، يەنى قوشۇن بېشىدا «تۇغ-ئەلەم» تۇتۇپ ماڭغۇچىمۇ «تۇغچى» دېيىلىدۇ. بۇمۇ قارىشىمىزنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

**تۇيۇق** [吐峪沟] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «تۇيۇق جىلغىسى»، «تۇيۇق غوجام» دېگەن ناملارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆپ يىلتىزى بىر. «تۇيۇق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە دېيەرلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. بەزىلەر، ھازىرقى تۇيۇق يېزىسىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا شىمالغا سوزۇلغان جىلغا بار. بۇ تار جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى قىيالىق بولۇپ، بۇددىزىم دەۋرىدە مىڭئۆي قېزىلغان. مىڭئۆيلەرنىڭ جەنۇبىدىراق ئىككى قاشتا ئىككى تۇرنىڭ خارابىسى بار. شۇڭا بۇ جاينى بەزىلەر «تۇرلۇق غول»، «تۇرغول» دەپ ئاتالغان بولۇشى، «تۇرلۇق غول» سۆزى «تۇيلۇق غول»، «تۇيۇق غول» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ، («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1994- يىل 4-سان، 36- بەت؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995- يىل 2-سان، 71- بەت). 1987- يىلى «پەرۋاز» ژۇرنىلى «تۇيۇق» نامىنى ئۇيغۇر تىلىدا «تار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن غاپپار روزى ئەپەندى «تۇيۇق» نامىنى

«تۇي» ، «ئۇق» سۆزلىرىدىن ياسالغان، «ئاخىرى يوق» ، «تۇيۇق يول» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تار جىلغا بىلەن «ئەسھەبۇلكەھنى» دەپ ئاتالغان كىچىك غاردىن كەلگەن، دەپ ئىزاھلىدى (يۇقىرىقىدەك). بىزنىڭچە بۇ قاراش ئاساسەن توغرا. لېكىن، كېسىپ ئېيتقاندا، «تۇيۇق» نامى ئاشۇ تار ھەم ئۇزۇن جىلغىنىڭ نامىدىن كەلگەن. «ئەسھەبۇلكە-ھنى» نىڭ مۇناسىۋىتى يوق. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان « 土城沟 » نامىنى سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى 1960-يىلىلا ھازىرقى «تۇيۇق» نى كۆرسىتىدۇ، دېگەنىدى. (سىن جۇڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 2-قىسىم، 719- بەتكە قاراڭ). بۇ نام يەنە قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « 丁谷 » دەپمۇ ئاتالغان. قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسلانغانىدا، « 丁 » خېتى «tieng» دەپ، « 谷 » خېتى «giak» دەپ ئوقۇلىدۇ (بېرنخارد كارلگرېن «AnalyTicDicTionaryofchinese» ، ئىنگلىزچە نەشرى، 287-، 166- بەتلەرگە قاراڭ). بۇنىڭدىن قارىغاندا « 丁谷 » خېتى «تۇيۇق» نامىغا يېقىنلاشتۇرۇلۇپ «tienggiak» دەپ ئېلىنغان. سىن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، « 丁 » خېتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ti» دەپ، بەزى ھاللاردا «tu» دەپمۇ ئوقۇلىدىكەن، موڭغۇل تىلىدىكى «g» تاۋۇشى كۆپىنچە، «ز»(ي) تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدىكەن. ئۇ Tujuq = tu — juq = ti(ng)guk دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقى كىتابىغا قاراڭ). قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «tieng» دەپ ئوقۇلغان « 丁 » خېتىنىڭ «ti» دەپ ئوقۇلۇپ «tu» غا ئۆزگىرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەرىدىن ئا. گرۇنۋېدېل تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تۇلەك تۆمۈرنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتى» دە «تۇيۇق» نامى «تىيۇق » tiyuq دەپ يېزىلغان (لى جىڭۋېي«تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 94- بەتكە قاراڭ).

uyghurkitap.com



دېمەك، «تۈيۈق» نامىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «تىيۇق» بولۇپ، كېيىنچە «تۈيۈق» قا ئۆزگەرگەن، مەنىسى تار ھەم ئۇزۇن، ئاخىرى يوق جىلغا دېگەن مەنىدە. خەنزۇ تىلىدىكى « 丁谷 » دەل «تىيۇق» نامىنىڭ ئۆزىدۇر.

**تۆتكۆل** [托提库勒] پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ۋە تېكەس ناھىيىلىرىدىمۇ «تۆتكۆل» دەپ ئاتىلىدىغان يەرناملىرى بار. بۇ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمو-لوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان تەبىرنى بېرىشىمىز مۇمكىن: بىرى، «تۆت كۆل» دېيىش بولسا، يەنە بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۆت ۋاسا، تۆت بۇرجەك» مەنىسىنى بېرىدىغان «تۆرتكۆل» سۆزى دېگەندەك. بىز كېيىنكىسىنى ياقلايمىز. «تۆكۆل» گە قاراڭ.

**تۆرۈك** [石城子 (土如克?)] قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە مەلۇمات يوق. بىزنىڭچە، بۇ نام قەدىمكى «تۇرك» قەبىلىلىرى ياكى بىۋاستە «تۇرك» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «تۇرك» سۆزى ئاغزاكى تىلدا «تۇرۇك»، «تۆرۈك» مۇ دېيىلىدۇ.

**تۆكۆل** [托库勒] پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسىدىكى يەر نامى. «تۆكۆل» ئەسلىسى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-توم، 569- بەتتە مىسالغا ئالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۆرتكۆل» سۆزى بولسا كېرەك. بۇ سۆز «تۆت چاسا»، «تۆت بۇرجەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «ھەرقانداق تۆت چاسا نەرسىمۇ تۆرتكۆل دېيىلىدۇ». دېمەك، «تۆكۆل» نامى «تۆت چاسا يەر » ياكى «تۆت چاسا يۇرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە تاتار** [托盖塔塔尔] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامى. بەزىلەر «تاتا» سۆزىنى «تارتار» (بىر خىل قۇشنىڭ نامى) دىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. «تاتا» غا قاراڭ. ئەمما بۇ قاراش بۇ كەنت نامىغا ماس كەلمىسە كېرەك. «سەمەت غۇلىغان»، «تۆگە

ئۆلدى»، «يىقىلغان تاش»، «سۇ باستى» نامىلىرىغا ئوخشاش ھەرىكەت نامىدىن، يەنى «تۆگىنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنى تارتىشى» غا ئائىت بولسا كېرەك. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تۇرگۈن** [吐(土?)尔滚] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى نۇقتا، كەنت نامى. بۇ، ئەينەن ساقلانغان نام. بۇ سۆز «قۇجۇدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە مانىي دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار» دا «قېتىم، رەت، يول» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 185- بەت). مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «تۇرگۈن» سۆزىگە ماس كېلىدىغان «تۇركۈن» سۆزى ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا بۇ سۆزنىڭ قەبىلە نامى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن (يۇقىرىقى كىتاب، 184- بەت). «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 575- بەتتە يەنە «tθrkün تۆركۈن» سۆزى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ:«ئۇرۇق-ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيى». بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «تۆركۈن» سۆزى «ئۆي، ماكان» ياكى «تۇرالغۇ» دېگەن مەنىلەردە كېلىۋاتىدۇ. «تۇرگۈن»، «تۇركۈن»، «تۆركۈن» سۆزلىرىنىڭ قانداق تۇغقاندارچىلىقى ياكى قانداق فونېتىكىلىق باغلىنىشى بار؟ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تۇرگىن** [土(吐?)尔滚] دۆربىلجىن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، موڭغۇلكۈرە، كۇنەس، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى، نۇقتا، بۇلاق، كەنت، يېزا، تاغ، ساي، ئۆستەڭ نامى. بىزنىڭچە، «تۇرگىن» سۆزى «تۇرگۈن» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. «تۇرگۈن» گە قاراڭ.

**تۇز يانتاق** [吐(土?)孜央塔克] مارالبېشى، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. «مارالبېشى ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «تۇز ئۆسكەن يانتاق» دەپ ئىزاھلانغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 56-

بەت). ئەمما ئابلەت ئاببـاس ئەپەندى «تۇز» سۆزىنى مەھمۇد قەشقىرى-
نىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-توم، 169- بېتىدىكى «تۇز- يۇرت»
دېگەن ئىزاھىغا ئاساسەن، «يانتاقلىق يۇرت» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھ-
لايدۇ (يۇقىرىقىدەك). يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدىكى «تۇز» سۆزى «نەسىل، قەبىلە»، «توغرا، قوشۇرسىز»، «بارا-
ۋەر، تەڭ، ئوخشاش»، «تاتلىق ئۈزۈم ھارىقى، شاراپ» دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 185- بەت). قارىغاندا،
ئابلەت ئاببـاس ئەپەندىنىڭ تەبىرىدە گۇمان باردەك قىلىدۇ. بىزنىڭچە،
«مارالبېشى ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى تەبىر
توغرا بولسا كېرەك.

**تېتىر** [铁提尔 (台特尔)] شىنجاڭدا بۇ نامدا ئاتىلى-
دىغان ۋە بۇ نام قوشۇلۇپ كەلگەن يەر ناملىرى خېلى كۆپ. ئاتۇش
شەھرى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، تۇرپان
شەھرى، پىچان ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى، ئۇچتۇر-
پان ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى ۋە قاغىلىق ناھىيىلى-
رىدىكى «تېتىر» كەنتى، «تېتىر» مەھەللىسى، «تېتىر مەسچىت
بۇلاق»، «تېتىر كۆل كەنتى»، «تېتىرباغ» كەنتى قاتارلىقلاردىن باشقا،
يەنە ئاقچى ناھىيىسىدىكى «تېتىر تاش تېغى»، ئاتۇش شەھرىدىكى
«تېتىر چوققىسى»، كەلپىن ناھىيىسىدىكى «تېتىر بەل تېغى»، كۇچا
ناھىيىسىدىكى «تېتىرچى كەنتى»، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى
«تېتىر مەھەللىسى» ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى «تېتىر» يېزىسى قاتارلىق-
لار بار. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە
«تېتىر ئېرىق كەنتى» بار. «توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك
تەزكىرىسى» دە: «سېغىزسىمان، زەي ئارىلاش قېتىپ كەتكەن، تېتىرلىق-
تىن كېسىپ ئۆتتىدىغان بىر ئېرىق بولغاچقا» شۇنداق ئاتالغان، «ھېچ-
قانداق زىرائەت، ئوت-گىيا ئۈنمەيدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» (ئۇي-
غۇرچە، 71- بەت) دەپ ئىزاھلانغان. بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ قاراباغ يېزى-

سىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چارچىلىق ئورنىدا «تېتىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك مەھەللە بار. بۇ نام «بۇگۇر ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە، 24- بەت) تە «تەكشىلىكتىكى گىيا ئۈنمەيدىغان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدا «تېتىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. «پەيزاۋات ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ» دەپ ئىزاھلانغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 53- بەت). مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 468- بەتتە بۇ سۆزنى «سۇسىز، دەرەخسىز يەر» دەپ ئىزاھلىغان. كۆپلىگەن يەر نامىلىرى مۇشۇ مەنىدە قويۇلغان. ئەمما «ئېرىق بىتىگ» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «تېتىر» سۆزى «ئېسىل، ئىسىل نەسىللىك» دېگەن مەنىدە كەلگەن. «تېتىر مىڭئۆيى» نىڭ نامىغا ھەم ئاتۇشتىكى «تېتىر چوققا»، كۇچادىكى «تېتىرچى» نامىلىرىدىن قارىغاندا، سۈپەت نامى بولسا كېرەك («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1996- يىل 2-1- سان، 129- بەت). شۇڭا بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، چوقۇم شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا قارىغان تۈزۈك.

**تېتىر بەل** 〔铁提尔别里〕 كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «تېتىر» غا قاراڭ.

**تېتىر تاش** 〔铁提尔塔什〕 ئاقچى ناھىيىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «تېتىر» غا قاراڭ.

**تېتىرچى** 〔铁提尔其〕 كۇچا ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «تېتىر» غا قاراڭ.

**تېكەس** 〔特克斯〕 ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر)، دەريانىڭ نامى. «تېكەس» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە شۇ نامدا ئاتىلىدىغان دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ نامنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار موڭغۇل تىلىدا «تېكە (يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەركەك ئۆچكە) كۆپ جاي» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىماقتا (نيۇرو-چېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 145-، 155- بەت). بەزى تەتقىقاتچىلار «تەگىش» (ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، «تەگىش-تەكىس» ئىلى دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر، دەپ پەرەز قىلىدۇ («شىنجاڭ تەزكە-رىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىللىق 2-سان، 64- بەت). ئەمما بۇ دەريانىڭ نامى «تەۋارىخ خەمسە» دە (يەنى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى تارمىقى) «جىم» دەريا دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا قارىغاندا، «تىكىسىز» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «تىكى» سۆزى «شارقىرىماق، گۈلدۈرلىمەك» مەنىسىدە بولۇپ، «تىكىسىز»- «شارقىرىمايدىغان» ئۇقۇمىدا بولسا كېرەك (يۇقىرىقىدەك). مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرى-نىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان 2- تومىدا بۇ دەريانىڭ نامىنى «贴卡» دەپ ئالغان ۋە ئىزاھتا «تېكەس» دەرياسى دەپ ئىزاھلانغان (311- بەت). ئېھتىمال ئەسلى كىتابتا «تىكى» بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ-دىن قارىغاندا، كېيىنكى قاراش ئىلمىي ئاساسقا ئىگىدەك قىلىدۇ.

**تىتلىق ئېغىز** [提特勒克艾格孜] قاغىلىق ناھىيە-سىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نام «تىت» ياكى «تىتلىق» ۋە «ئېغىز» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ ئۆزئارا تولۇقلىشى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، «tit تىت» سۆزى خۇددى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم 166- بەتتە ئىزاھلىغاندەك «تۈز ئۆسىدىغان ئارچا دەرىخى» بولۇپ، ئۇ تاغلاردا ئۆسىدۇ. «تىتلىق ئېغىز» دېگەن بۇ نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. «تۈز ئۆسىدىغان ئارچا دەرىخى» قاپلانغان بىر تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ. «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» دە «تىت» دېگەن بۇ سۆز «قارىغاي» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

**تىجەن** [提坚] ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر كەنت-نىڭ نامى. ئەسلىدە بۇ بىر يايلاقنىڭ نامى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى

«تېپىز يەر، ئېگىزلىك» دەپ ئىزاھلاپ «قەشقەرگە يېقىن بىر يايلاقنىڭ ئىسمىمۇ ئېگىزلىكىگە قاراپ تورىغ ئارت تېز دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىر يايلاقمۇ تەزەك تېز دەپ ئاتىلىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئاتۇش تەۋەسىدە، چاقماق، بوغۇز، سوغۇن دەريالىرى ئارىلىقىدا كەڭ ئېگىز تۈزلەڭلىك بار. بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ «تەزەك» ياكى «تېزەك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە «تىجەن» بولۇپ كەتكەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 64- بەت).

**تىگەن** [提干] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بىزنىڭچە بۇ نام ئەسلى «تېكىن» سۆزى بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «تېكىن» سۆزىگە «شاھزادە» دەپ تەبىر بەرگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 190- بەت). «تىگىن» گە قاراڭ.

**تىگىن** [提根] توقسۇ، ئونسۇ ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. خوتەن شەھرىدە يەنە «تىگىنلا» (特根拉) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت نامى بار. «توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «بۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى، بىر ئەرەبلىك دىن تارقاتقۇچى بۇ جايغا كەلگەندە، يەرلىك كىشىلەر چىرايلىق كىيىنىپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، شاھزادە قاتارىدا كۈتۈۋالغان. شۇڭا (بۇ جاينىڭ ـ ئا) نامىنى ‹تىگىن› دەپ ئاتىغان. مەنىسى شاھزادە دېگەن سۆز» دەپ تەبىر بەرگەن (شۇ كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 62- بەت). بىزنىڭچە بۇ رىۋايەت ساختا بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما يەر نامىغا بەرگەن «تىگىن» سۆزىنىڭ مەنىسى مۇۋاپىق. «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەردە «تىگىن» سۆزى «شاھزادە» مەنىسىدە كەلگەن، «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «تېگىن» دەپ ئېلىنىپ، ئوخشاشلا «شاھزادە» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەگىن» سۆزى بىلەن تەڭداش بولۇپ، «تۈركى تىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ «خاقان ئوغۇللىرىغا بېرىلىدىغان نام» («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 197-، 190-، 152- بەتلەرگە قاراڭ).

**تىگىنلا** [特根拉] خوتەن شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «تىگىنلەر»، «تېگىنلار» بولسا كېرەك. «تىگىن» گە قاراڭ.

**تىم** [提木] پەيزاۋات، شايار، چاقىلىق ۋە بۇگۇر ناھىيىلىرىدىكى يەر نامى، كەنت، مەھەللە ناملىرىدا كەلگەن. «بۇگۇر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر تىلىدا توپا مۇنار (تۇر) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۇر خارابىسى بار» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 25- بەت) دېيىلگەن بولسا، «چاقىلىق ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى، 20- بېتىدە شۇنىڭغا ماس ھالدا «ئىگىز سالاسۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرنىڭ چوققىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ياغاچ جازا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما «پەيزاۋات ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «تىم» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مەي قاچىلايدىغان تۇلۇمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا «چى» قوشۇمچىسى ئۇلانسا «مەي ساتقۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان (خەنزۇچە نەشرى، 119- بەت). بىزنىڭچە، بۇ قاراش خاتا. ئەمەلىيەتتە، تۈركى تىللاردا بازاردىكى ئۈستى يېپىق رەستىلەر، كارۋان سارايلىرى قەدىمدە «تىم» دەپ ئاتىلاتتى (غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 150- بەت). ئۇندىن باشقا، قەدىمكى قاراۋۇلخانىلار، يەنى كۆزىتىش مۇنارلىرى بىردەك تۇر ياكى تىم دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدەك تۇر ياكى تىملاردىكى كارۋان سارايلىرى ياكى ئۆتەڭلەر بىردەك «تىم» دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا بۇ كەنتلەرنىڭ نامىنى قەدىمكى قاراۋۇلخانىلار ياكى كۆزىتىش نامى بىلەن ئاتالغان، دېيىشكە بولىدۇ. «چىقتىم» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

## ج

**جارىلغاپ** [加日勒哈甫] جېمىنەي ناھىيىسى ناھە-
يىسى بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. نام ئۆزىدىنلا
مەلۇمكى، بۇ نام قازاق تىلىدا قويۇلغان يەر نامى. تەتقىقات نەتىجىلىرى-
دىن قارىغاندا، «جارىلغاپ» دېگەن بۇ نام قازاق قەبىلىلىرىدىكى بىر
ئۇرۇقنىڭ نامى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئۇرۇق ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ
ئىچىدىكى جەنتىكەي ئەۋلادىدىن تارالغان بىر كىچىك ئۇرۇقنى كۆرسىتى-
دۇ. بۇ ئۇرۇق مۇشۇ تاغ ئەتراپىدا ياشىغاچقا، بۇ يەر نامى جارىلغاپ
تېغى دەپ ئاتالغان (كۆكتوقاي ناھىيىسىدىمۇ بۇنداق نام بار. يىلتىزى
بىر يەر نامى ھېسابلىنىدۇ).

**جام** [佳木] ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىگە
قاراشلىق بىر يېزا ھەم بىر كەنتنىڭ نامى. «جام» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا «ئۆتەڭ»، «مەنزىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ
تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 64- بەت).

**جايىر تېغى** [加依尔山] تولى ناھىيىسىدىكى بىر
تاغنىڭ نامى. بۇ تاغ ئالتاي تاغ تىزمىسىدىكى جۇڭغار تاغلىرىدىكى بىر
تاغ بولۇپ، بۇ تاغ نامىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى كۆپىنچە خەنزۇچە
ماتېرىياللاردىكى نامى بويىچىلا تەرجىمە قىلىنىپ، «زايىر تېغى»، ھەتتا
«زاھىر» تېغى دەپمۇ ئېلىنغاندى. بۇ تاغ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى
سۇبېيخەي ئەپەندى قازاق ئۇلۇغ يۈزىدىكى جالايىر
قەبىلىسى (托剌亦儿) نىڭ نامى بىلەن باغلايدۇ (سۇبېيخەي
«غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 374- بەتكە
قاراڭ). ئەينى دەۋردە جالايىر قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى
ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، راشىددىنىڭ ئېيتىشىچە، «چىڭگىزخان دەۋرى-
دىن ھازىرغىچە، ئىران ۋە تۇرانلاردىكى زور كۆپچىلىك ئەمىرلەرنىڭ
ھەممىسى مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان» (راشىددىن «جامىئۇت تاۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىخ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- جىلد، 1- قىسىم، 148-، 149- بەتلەرگە قاراڭ ) ئىكەن. بۇ قەبىلىلەر توپى ئاساسەن، جات (jat)، نىلچان، كۇركىن، تۇلەنكەنت، تۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جالايىرلارغا قاراشلىق 10 چوڭ تاماق قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلگەنىدى (يۇقىرىقى كىتاب، 149- بەت)

**جۇپىر ساي** [居普尔萨衣] فۇكاڭ ناھىيىسى (شەھىرى) دىكى بىر جاينىڭ نامى. بىزنىڭچە، «جۇپىر» نامى موڭغۇل تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يەر نامى بولسا كېرەك. موڭغۇل تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «جۇپىر» سۆزىنىڭ ئەسلى يېلتىزى «چۇپۇر» بولسا كېرەك. «چۇپۇر» سۆزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا «جۇپۇر» غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، كېيىنچە يەنە ئۆزگىرىپ، «جۇپىر» غا ئايلانغان، دېيىشكە بولىدۇ. موڭغۇل تىلىدىكى «چۇپۇر» سۆزى «ئورمانلىق، قويۇق ئورمانلىق» دېگەن مەنىدىن باشقا، يەنە «تاغ باغرى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ («موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 24- بەتكە قاراڭ). موڭغۇللارنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولغان ئونون دەرياسى بويىدا «قوقوناغ(«ئالتۇن توپچى» دا «قورقوغ» دەپ ئېلىنغان) جۇبۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار (يۇقىرىقىدەك). بۇ ئىككى نامنى بىرىكتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، «جۇپىر ساي» نامى قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان ساي ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

**جوڭغار** [准噶尔] شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر چوڭ ئويمانلىقنىڭ نامى. قاراماي شەھىرىگە قاراشلىق بىر جاينىڭ نامىمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەسلى نامى «يارىش يازىقى» بولۇپ، «بەيگە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈزلەڭ» دېگەن مەنىدە ئىدى. 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىغان غەربىي موڭغۇللار (ئويرات موڭغۇللىرى) نىڭ بىر قىسمى بولغان «جوڭغار» قەبىلىلىرىنىڭ بۇ جايلاردا بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن پائالىيەت ئېلىپ

بېرىشى بىلەن «جۇڭغار» ياكى «جۇڭغارىيە» دەپ ئاتالغان، «جۇڭغار»
دېگەن بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «سول قانات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قەبىلىلەر توپى ئويرات موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ
سول تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانىكەن («جۇڭ-
غارلار تارىخى»، خەنزۇچە، 1- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى مۇنداق
ئىزاھلايدۇ: «جۇڭغار» سۆزى قەدىمكى ھون تىلىدا «جوانغار» بولۇپ،
«قوشۇنىنىڭ سول قانىتى» دېگەننى بىلدۈرەتتى. «قوشۇنىنىڭ ئوڭ
قانىتى» نى «برانغار» دەيتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلاد-
ئۇلۇسلىرىدىن بىر قىسمى بۇ يەرنى ئۆزىگە «خانلىق» نامى قىلىۋالغان-
دىن كېيىن، «جۇڭغار» دەپ ئاتىلىپ قالغان («شىنجاڭ تەزكى-
رىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 64- بەتكە قاراڭ). ئەمما
تۇغلۇق تۆمۈر خان سېپى ئۆزىدىن موڭغۇل نەسلىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ-
دىن كېيىنكى ئەۋلاد-ئۇلۇسلىرىنىڭ بىر قىسمى «جۇڭغار» دەپ ئاتالمى-
غان. چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئويراد (ياكى ئويرات) موڭغۇللىرىنىڭ
ئىچىدىمۇ «جۇڭغار» قەبىلىلىرى بار ئىدى.

**جىڭ** ［精河］ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا
قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. جىڭ ناھىيىسىدىكى بىر
دەريامۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى دەرياغا
بېرىلگەن نام بولۇپ، بۇ دەريا قەدىمدە «جىم دەريا» (شاۋقۇنسىز دەريا؟
-ئا) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەريا ئېبىنۇر (بولغاش — ئىزاھلىغۇچى) كۆلىگە
قۇيۇلىدۇ. ناھىيە نامى شۇ دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن («شىنجاڭ تەزكى-
رىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 64- بەت). بەزى تەتقىقاتچى-
لار بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى موڭغۇل تىلىدىن ئىزدەپ، موڭغۇل
تىلىدا «قاسقان» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدا يېقىنراق
تەلەپپۇز قىلىنىپ «晶» خېتى بىلەن ئىپادىلەنگەن، كېيىن «精»
خېتىگە ئۆزگەرتىلگەن، دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچىڭ«شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈ-
مىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



146- بەت؛ نيۇروچېن «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 143- بەت).

**جىمسار** [吉木萨尔] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام بۇددىزىم دەۋرىدە «قاغانبۇت شەھىرى» دەپ ئاتالغان (ئا. مۇھەممەت ئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 150- بەت) بولۇپ، بۇ نام «يېڭى تاڭنامە. قوجۇ تەزكىرىسى» دە «可汗浮图» دەپ تىلغا ئېلىنغان (فېڭ چېنجۈن «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 38- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى: ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مۇشۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى، «جىم بالىق» دەپمۇ ئاتىلاتتى دېيدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2- سان، 64- بەت) ھەمدە «جىمسار» نامىنى «جىم» «ھىسار» سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ «جىم قورغان» دېگەن مەنىدە، بۇ كېيىن قويۇلغان نام دەپ قارايدۇ. نيۇروچېن ئەپەندى بۇ سۆز ئەسلى خەنزۇ تىلىدىكى سۆز، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «金满» سۆزىنىڭ «جىم» ياكى «جىمى» غا ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان، «سار» سۆزى قەدىمكى تۈرك تىلىدا «شەھەر» دېگەنلىك، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 65-، 71- بەتلەر). ھالبۇكى يۈۋېيچېڭ ئەپەندىن بۇ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى ئالدىنقى خەتنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «kim» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى «吉木 jimi» بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ، تەلەپپۇز جەھەتتىن توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، 134- بەت). ئەگەر بۇ قاراش توغرا دەپ قارالسا، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىدىكى «金满城» نامى «جىمسار» نىڭ مەنە ھەم ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولغان بولىدۇ، ئۇ ھالدا، «جىمسار» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

# چ

**چارا** [恰拉] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنور ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. «چارا» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پۇتلۇق چۆچەك» مەنىسىنى بېرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 64- بەت).

**چارئاچا** [恰尔阿恰] ئاتۇش شەھرىگە قاراشلىق بىر جاينىڭ نامى. «تۆت كوچا ئاغزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چار ئالدى» غا قاراڭ.

**چارئارچا** [恰尔阿尔恰] ئاتۇش شەھرىدىكى بىر كىچىك دەريانىڭ نامى. ئەسلى «چارئاچا» نامىدىن كەلگەن. «چارئاچا» غا ياكى «چارئالدى» غا قاراڭ.

**چارئالدى** [恰尔阿勒迪] مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىدىكى كەنت نامى. ئابلەت ئابباس ئەپەندى «چا» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قەلئە، قورغان» مەنىسىنى بېرىدىغان «سا» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، دەپ قاراپ، «قورغان ئالدى» ياكى «قەلئە ئالدى» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 56- بەت). بىزنىڭچە بۇ قاراش تازا يېتەرلىك ئەمەس. قەشقەر شىۋىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۆت بۇرجەك» مەنىسىنى بېرىدىغان «تۆرتكۆل» سۆزىگە ئوخشاش «چار سۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۆز بار. بۇ سۆزمۇ يەنىلا «تۆت كوچا ئاغزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (غۇلام غوپۇرى «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 101- بەتكە قاراڭ). ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز پارس تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، «تۆت بۇرجەكلىك»، «تۆت كوچىنىڭ بىرلەشكەن جايى»، «تۆت كوچا ئاغزى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 176- بەتكە قاراڭ). يەنە «سۇت ئوت» مەنىسىنى بېرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«چار ئوت» («ئۇيغۇر شۋىلىرى سۆزلۈكى»، 101ـ بەت) دېگەن سۆزمۇ بار. بۇنىڭدىن ئىلىنىپ غۇلجا شۋىسىدە «ئاچال، ئېغىز (تاغ ئېغىزى)» مەنىسىنى بېرىدىغان «چات» سۆزى بار (يۇقىرىقى كىتاب، 99ـ بەت). بۇ ئۇقتىلاردىن قارىغاندا، «چار~چاتالدى» دېگەن بۇ نام «تۆت كوچا ئاغزىنىڭ ئالدى» ياكى «ئاچال~ئېغىز ئالدى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپچال** [察布查尔] ئىلى ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى (شەھەر) نىڭ نامى. «چاپچال» شىبە تىلىدا قويۇلغان نام بولۇپ، «ئاشلىق ئامبىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاغان ئارال** [查干阿热勒] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «چاغان» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئارال» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دەريا-ئېقىنلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرغان پارچە-پارچە تاللىقنى ياكى بىرەر پارچە جاينى كۆرسىتىدۇ. «چاغان ئارال» نامى «ئاق ئارال»، يەنى دەريا-ئېقىنلار ئايرىلىپ تۇرغان بىر پارچە ئاق يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

**چاغانبۇلاق** [查干布拉克] شىخو، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «چاغانكۆل» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**چاغانتوقاي** [裕民] تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «چاغانتوقاي» موڭغۇل تىلىدا ئاتالغان نام بولۇپ، «چاغان» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چاغانتوقاي» نامى «ئاق توقاي» دېگەنلىك بولىدۇ. «كۆكتوقاي» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**چاغانتۇڭگې** [查干通古] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، 18ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيرات (ئويراد) موڭغۇللىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «چاغانتۇڭگې» سۆزى «چىغلىق» دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ (سوۋېيىخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغرا-پىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 390- بەت). يەنى موڭغۇل تىلىدا «چا-غان» سۆزى «ئاق» دېگەن مەنىنى، «تۇڭگې» سۆزى «چىغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جايدىكى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە ئۆسكەن چىغلارنىڭ ئاپئاق بولۇشى (ئېھتىمال چىغنىڭ پىشىپ ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن) بىلەن ئاتالغان.

**چاغانچۆل** [查干却勒] قارامايى شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامدىكى «چاغان» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چۆل» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «گىياھ ئۈنمەيدىغان باياۋان» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، «چاغانچۆل» نامى «ئاق دالا ياكى بوزلۇق» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

**چاغانساي** [查干赛(萨依?)] تېكەس، خېجىڭ ناھىيىلىرى ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى، شۇنداقلا بورتالا شەھىرىدىكى كەنت ۋە نۇقتا نامى. بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى «چاغانساي جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان جاي خەنزۇ تىلىدا « 红山口沟 » دەپ تەرجىمە قىلىنغان («خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر نامىلىرى لۇغىتى»، 160- بەت). «چاغان» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىنى، «غول» سۆزى «جىرا، ساي» (يەنى ئىككى تاغ ئارىلىقى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاق غول» سۆزى «قۇرۇق غول» دېگەنلىك بولىدۇ.

**چاغانغول** [查干郭勒] بورتالا شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت، دەريا، كۆل نامى. «چاغانغول» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق غول - قۇرۇق غول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چاغانساي» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**چاغانكۆل** [查干库勒] قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم، ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت نامى. «چاغان» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «چاغانكۆل» نامى «ئاق كۆل» يەنى ئەتراپى

شورلۇق كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

**چاغراق** [恰格拉克] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى. ھازىرچە، «چاغراق» نامى ھەققىدە بىرەر قاراش يوق. ئەمما بىز بۇ نامنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۈركۈت، قارچىغا» مەنىلىرىنى بېرىدىغان «چاغرى» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز. «چاغرى» غا قاراڭ.

**چاغرى** [恰克尔(恰格勒?)] ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 549- بەتتىكى «qagri چاغرى» سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھنى مۇشۇ نامنىڭ مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا «چاغرى» سۆزىنى «قارچىغا» دەپ ئىزاھلىغان ھەمدە «چاغرى بەگ» دەپ مىسال كەلتۈرۈپ «ئەرلەرنىڭ ئىسمى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «چاغرى» دېگەن بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «چاغرى» دەپ ئاتىلىدىغان كىشى ئىسمىدىن كەلگەن بولۇشى ياكى قەدىمدە «چاغرى» دەپ ئاتىلىدىغان قارچىغىنىڭ ئۆز نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن، «چاغرى» نامىنىڭ ئەسلى مەنبەسى «قارچىغا» نامىنىڭ تەرەققىياتى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

**چاقا** [恰哈] چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە بىر دەريانىڭ نامى. پەيزاۋات ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىرجاي بار. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «چاقال»، «چاقان»، «چوقى»، «چاقىرچا» ناملىرى قەدىمكى ھونغۇر (ھۇن ـ ئاق ھۇن) ئۇرۇق-ئايماقلىرىنىڭ نامىدۇر («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 65- بەت) دېيىلىدۇ. «قەشقەر ۋىلايىتى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «چاقار» سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن «خېنى چاقار» نامىنى «خېنگۆل كۆپ تېرىلىدىغان يەر» (بۇ جاي قاغىلىقنىڭ چارباغ يېزىسىدا) دەپ ئىزاھلىسا، جاڭگىلەسكى يېزىسىدىكى «خېنى

چاقار» نامىنى «يەرلىك مۇشتۇمزور خاقان» دەپ ئىزاھلىغان. ئەمەلىيەتتە «چاقا-چاقار» سۆزى كەنت، مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «تارىخىي ئەمىنىيە» دە: «بەگلەرگە خاقانى چىن تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنى 〈خېنى زېمىن〉 دەپ ئاتايتتى. بۇ شەھەرلەر خىتايغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، خىتاي ئەمەلدارلىرى پۇقرالارنى ئىشلىتىپ، سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلغان يەرلىرىنىمۇ 〈خېنى زېمىن〉 دەپ ئاتايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4- سان، 68- بەت).

**چاقىلىق** [茹羌(恰克勒克)] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. چاقىلىق ناھىيىسىدە «چاقىلىق» نامدا ئاتىلىدىغان بىر دەريا نامى بار. قەشقەر كونا شەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدە يەنە شۇ نامدا ئاتىلىدىغان كەنت ناملىرى بار. «چاقىلىق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرغىچە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغۇدەك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. قۇربان ۋەلى ئەپەندى سانسكرىت تىلىدىكى «جاڭگا» (چارىق) دېگەن سۆزنىڭ «چاق» دەپ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى (قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 81- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى قەدىمكى چاقىلىق خانى «چۇر-قۇت-لەك» نىڭ نامىدىن «چۇر قۇلۇك»، «چارقىلىق» قا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 65- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى تىلغا ئالغان قەدىمكى چاقىلىقنىڭ خانى «چۇر قۇتلەك» خان « 去胡来 » بولۇپ، سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۈچ خەتنىڭ ھەممىسى پوتونلەي ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمە ئىكەن، ئەمما ئۇ ئۇنىڭ ئەسلى نامىنى ۋە مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن (سىن جوڭمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 5- بەت). «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى.

هونلار تەزكىرىسى» دە كۆرۈلىدىغان بۇ نامنى «هونلار تەزكىرىسى»
نى ئىزاھلىغان يەن شىگۇ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى «چاقىلىق
ئېلىنىڭ خانىنىڭ ئۇنۋانى چۇخۇلەي ۋاڭ(去胡来)» دېگەن بايانىغا
ئاساسەن، «چۇخۇلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندا، ئاندىن ۋاڭلىق
ئۇنۋانى بېرىلگەن» دەپ خاتا ھالدا خەت مەنىسى بويىچە پەرەز قىلغان
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 4-سان،
160- بەت). ۋاڭ زوگۇيي ئەپەندى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ «چۇلىخەي
- ئىرق ئىسمى (مىللەت ئىسمى دېيىشكە تېگىشلىك — نەقىل كەلتۈر-
گۈچى)، چۇلۇخەي توخولو ( 吐火罗 يەنى توخار) نىڭ باشقىچە
ئېيتىلىشى» دېگەن بايانىغا ئاساسەن، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئېيت—
قاندەك، « 去 » خېتىنىڭ هونلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان
قوشۇمچە ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، «پېللىئوت 〈 吐害谷·吐火罗 〉 دېگەن
ئاتالغۇنى Tcuo—Khuo—la ۋە Tcuo—Khuat—la قىلىپ
ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئەگەر بىرىنچى بوغۇمدىكى u ھەرپى ü قىلىپ
ئۆزگەرتىلسە چۇخۇلەي بولىدۇ»، دەپ كۆرسىتىپ « 去胡来 » نى
«توخار» نامىنىڭ باشقىچە ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقى
ژۇرنال، 160- بەت). قۇربان ۋەلى ئېيتقان «جاككا» (چارق) سۆزىنى
«چاق» دەپ قوبۇل قىلىنغان دېگەندىمۇ، بۇ نامنىڭ ياكى سانسكرىتچە
ئاتىلىشىنى ياكى قەدىمكى خەنزۇچە ئاتىلىشىنى ھازىرغىچە ھېچكىم
دەلىللىيەلمىدى. شۇڭا، بۇ قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمدى
قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى « 茹羌 » نامىغا كەلسەك، سىن
جوڭمىيەن ئەپەندى بۇ خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن ئوتتۇرا
ئەسىردە نامى تىلغا ئېلىنىدىغان «Yar Kand» (ياركەند) كە يېقىن
كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھازىرقى يەكەننىڭ نامىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ
قارايدۇ (سىن جوڭمىيەننىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 2-3- بەت). خۇاڭ ۋېنبى
ئەپەندى « 茹 » قوۋم نامى، « 羌 » مىللەت نامى، بۇ ئىككى خەت
(يەنى يەر نامى) قەدىمكى چياڭلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدىن
شەكىللەنگەن يەر نامى دەپ قارايدۇ (يۋۋېيچىك «شىنجاڭنىڭ يەر

تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 58- بەت). ئۇندىن باشقا، پارسچە «چاھار قۇدۇق (تۆت قۇدۇق)»، ئۇيغۇرچە «چاق» (يىپ ئىگىرىدىغان چاق ـنى) دېگۈچىلەرمۇ (يۇقىرىقى كىتاب، 58- بەت)، «چاقىر-چاغىر» (چىغىر يول) ياكى «چاغرى-چاقرى» (قارچۇغا ياكى بۈركۈتنىڭ بىر تۈرى) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگۈچىلەرمۇ بار («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 65- بەت)، ۋەھاكازا. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**چاڭ** [羌] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى قومۇشئېرىق يېزىسىدىكى «چاڭدى» دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامى. مارالبېشى، ئاقتۇ، يەكەن، ئۇلۇغچات، پىچان ناھىيىلىرىدىمۇ «ماچاڭ» (马场) دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى بار. «چاڭ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» تا «قوڭغۇراق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3- توم، 487- بېتىدە «چاڭ، چالغۇ ئەسۋابى» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. دېمەك، «چاڭ» قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، يەر نامى شەكلىدىمۇ ئەينەن ساقلىنىپ كېلىنگەن. «ماچاڭ» نامى بولسا، ئەسلىدىكى «مارچاڭ» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مار» سۆزى «ئۆگەتكۈچى»، «مۇئەللىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 318- بەت). دېمەك، «ماچاڭ» نامى «چاڭ ئۆگەتكۈچى» ياكى «چاڭ ئۆگەتكۈچىنىڭ مەھەللىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە كېرەك (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 61-، 62- بەتلەرگە قاراڭ).

**چەتۈك** [恰吐(土?)克] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 504- بەتتە «چەتۈك» سۆزىنى ئوغۇزچە «مۈشۈك» دەپ ئىزاھلاپ، «qetükküwük – ئەركەك مۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۈك» دەپ قوشۇپ قويغان. دېمەك، بۇ نام ئۇغۇزچە «مۇشۈك» دېگەن مەنىدە ئاتالغان (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 76_ بەت).

**چەرچەن** [且末(车尔臣)] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. چەرچەن ناھىيە- سىدىكى بىر دەريامۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «چەرچەن» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى مەھمۇد قەشقىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن «چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1_ توم، 567_ بەت) بولغان «چۇرچان» بولۇپ، 11_ ئەسىرلەردە بۇ ئىككى خىل ئاتىلىش تەڭ قوللىنىلغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ماتېرىياللىرىدا «چەر- چەن» نامى ئەڭ دەسلەپ، « 且末 » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنـغان، كېـيىنچە « 沮末 » « 卡墙 » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «چەرچەن» نامىنىڭ ئوخشىمىغان ترانسكرىپسىيە- سىدىن ئىبارەت (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگە- رىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 54_ بەت). ئەمما بۇ نام شۈەن زاڭ خاتىرىسىدە «Calmadāna» (折摩驮那) دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى «Calma» (يەنى « 折摩 » سۆزى) قەدىمكى دەۋرلەردىكى «چەرچەن» (يەنى « 且末 ») گە يېقىن كېلىدۇ. بۇ ناملارنـى يەنە ماركـوپـولو «ciar cian» دەپ، مىرزا ھـەيـدەر «jurjan» دەپ خاتىرىلىگەن (سىن جوڭمىيەن «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1_ قىسىم، 29_، 30_ بەت). چەرچەن («چۇرچان») قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىنى بەزى ئالىملار چەرچەن ناھىيىسىدىكى « 卡墙 » (كاچاڭ_ ئەسلى چەرچەن←چيا_چياڭ) نىڭ غەربىي شىمالىدا دېسە، فرانسىيە ئالىمى گرېنارد (Grenard) چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاتراڭ (tartrang) دا دەپ قارايدۇ (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان «شۈەن زاڭ. ‹ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا سايا-

ھەت خاتىرىسى〉 نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە نەشرى، 1033- بەت). شۆەن زاڭ خاتىرىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە بۇ شەھەر «سارامان بالىق» دەپ ئېلىنغان.

**چەكچەك** [且克且克] يەكەن، مارالبېشى، يېڭىسار ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. بۇ نام توغرىسىدا ئابلەت ئابباس ئەپەندى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 2- توم، 418- بېتىدىكى ئوغۇزچە «چەكچەگ، بولغا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چەكۈك» سۆزىدىن ياسالغان، يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «تۆمۈرچى» ياكى «تۆمۈرچىلەر مەھەللىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 56- بەتكە قاراڭ). ئەمما سۇلتان ماھمۇت ئەپەندى «چەكچەك» نامى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا مىسالغا ئېلىنغان (2- توم، 412- بەتكە قاراڭ) «ئۆچكىنى ھەيدەشتە قوللىنىلىدىغان ئىملىق سۆز» «ھوچ...» (چەك-چەك) سۆزىدىن كەلگەن، ئەينەن ساقلانغان نام دەپ قارايدۇ (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 14-، 15- بەت). بىزنىڭچە، ئالدىنقى قاراش ئىلمىيلىككە ئىگىدەك قىلىدۇ.

**چەكچەك لەنگەر** [且克且克兰干] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «چەكچەك» سۆزى بىلەن ئاتالغان يەنە ئىككى كەنت نامى بار. بىرى، يېڭىساردا، يەنە بىرى مارالبېشى ناھىيىسىدە. «چەكچەك» كە قاراڭ.

**چوغۇر** [绰霍尔] چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى مەھەللە ۋە جىلغا نامى. «چوغۇر» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق قاراش يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام ئۈستىدە ھېچكىم تەتقىقات ئېلىپ بارمىدى. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساسەن، بۇ ھەقتە بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا «چوغۇر ياكى چوغۇردان» دېيىلىدىغان سۆزنى تاپالايمىز. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بۇ

www.uyghurkitap.com



سۆزنى «يار، يارداڭ» دەپ ئىزاھلايدۇ (« قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 215- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمۇ «قەدىمكى تۈركى تىلدا «يار، يارداڭ» سۆزى «چۇغۇر » دېيىلىدۇ. «چۇغۇر» (يارداڭ) غا سېلىنغان ئىبادەتخانا «چوغرى» دەپ ئاتالغان» («شىنجاڭ تەزكىرە-چىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 47-، 48- بەت). دېمەك، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى «چوغۇر مەھەللىسى»، «چوغۇر جىلغىسى» دېگەن بۇ ئىككى نامنىڭ «يارداڭغا قۇرۇلغان مەھەللە ياكى يارداڭلىق مەھەللە»، «يارداڭ ياكى يارداڭلىق جىلغا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭقۇر قىشلاق** [琼库尔克什拉克] يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. ئويمانلىق ياكى جىلغا ئىچىگە جايلاشقان قىشلاق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «قىشلاق» قا قاراڭ.

**چوۋانقىر** [曲王克尔] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئەمما ئابدۇقەييۇم خوجا ئەپەندى «لەمجىن غولىدىكى تاش ئويمىلار» ناملىق ماقالىسىدە «چوۋانقىر» نامىنى ئەسلى «چوڭقىر»، ئاۋام خەلقنىڭ تىلىدا بۇزۇلۇپ شۇنداق ئاتالغان، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى، 1998- يىل 1-سان). لېكىن تۇرپان، قۇمۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە چىلان دەرىخىنىڭ ياۋىسى «چوغان» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇ جايدا (يەنى بۇ قىردا) چىلان دەرىخىنىڭ ياۋىسى بولغان چوغان ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «چوغانقىر» دەپ ئاتالغان. بۇ سۆز كېيىن ئىستېمالدا ئۆزگىرىپ، ھازىرقىدەك «چوۋاڭقىر» دەپ ئاتىلىپ قېلىنغان.

**چۆچەك** [塔城] تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى شەھىرىنىڭ نامى. «تاۋارىخ خەمسە» دە يېزىلىشىچە، بۇ جايدا يار-يارلىق كۆپ بولۇپ، ئاق يەر، يوچۇق يار، ئۇلۇغ يار، كىچىك يار، ئوغرى

يار، ئەگرى يار دېگەن يارلار بار ئىكەن. شەھەر ئەنە شۇ يارلارنىڭ
ئۈتتۈرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «چۆچەك» دەپ نام قويۇلغ-
ان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 65-
بەت). «تارباغاتاي» غا قاراڭ.

**چىڭگىل** [青河(青格里)] ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر
ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «چىڭگىل» نامى ھەققىدە ھازىرچە بىرلىككە
كېلىنگەن قاراش يوق. نيۇروچېن ئەپەندى موڭغۇل تىلىدا «خوشاللىق»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە،
«گۈزەل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش
تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر تىلىدا «غولپە-
ياز» (نىياز كېرىم ئەپەندى بۇ سۆزنى خاتا تەرجىمە قىلىۋالغانمۇ ياكى
مەتبەئەدىكى خاتالىقمۇ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە،
1998- يىل 30- ئىيۇل سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە «چوك پىيزەك»
دەپ ئېلىنىپ قالغان) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن (نيۇروچېن «شىن-
جاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 148-
بەت). ھالبۇكى، نىياز كېرىمى ئەپەندى بۇ نام ھەققىدە «ئەمەلىيەتتە،
بۇ جايدا چىڭگىل، چاڭقان (ئەمەلىيەتتە چاڭقان دەرياسى قاراغاش
[قارا ياغاچ] دەپ ئاتىلىدىغان جايدا چىڭگىل دەرياسىغا قوشۇلىدىغان
كىچىك تارماق ئېقىن ـ ئا)، چاغانغول، بۇلغۇن دەرياسى (سۆزنىڭ
تۈپ يىلتىزى «بۇلغۇن» بولسىمۇ، ھازىرقى ئاتىلىشى «بۇلغىن»، 1966-
يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى»
دىمۇ «بۇلغىن» ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يەنىلا «بۇلغىن دەرياسى»
دەپ ئالغىنىمىز تۈزۈك ـ ئا) قاتارلىق دەريالار ۋادىسىدىكى قويۇق
ئورمانلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئۇلۇنگۇر (خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر
نامىلىرى لۇغىتى) دە (ئۇلۇڭگۇر) دەپ ئېلىنغان ـ ئا) دەرياسىنى ھاسىل
قىلغانلىقى ئۈچۈن چىڭگىل، چىگىش دەپ ئاتىلىپ قالغان» (يۇقىرىقى
ماقالىسىگە قاراڭ) دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**چىت** [其特] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە «چىتلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ ئىككى نامنىڭ يىلتىزى بىر، ئوخشاش مەنىگە ئىگە. «چىت» سۆزى ئاۋام تىلدا «توساق، قاشا» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. قاشالانغان جاي «چىتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. لوپنور شۋىسىدە بۇ سۆز كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىپ «قاشا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شۋىلىرى سۆزلۈكى»، 116ـ بەت). «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا «چىت» سۆزى «ئوردا تېمى، تام، توسما، قورۇق تام» دېگەن مەنىدە كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 217ـ بەت). دېمەك، «چىت»، «چىتلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايلار قورۇقدالغان تام ياكى قاشالانغان بىرەر جاينىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن قويۇلغان.

**چىتەنباغ** [其坦巴格] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، «چىتەنباغ» نامىدىكى «چىتەن» سۆزىنى «تام، توساق، قاشا، ئوردا تېمى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «چىت» (شۇ سۆزگە قاراڭ) سۆزىگە باغلاش مۇمكىن. بىراق، بۇ سۆزگە ئۇلىنىپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ؛ يەنە بىرى، «چىتەن» سۆزىنى «ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىغان توساق، يەنى سامان قاچىلايدىغان چوڭ بوراقا، باداڭ» مەنىسىنى بېرىدىغان (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شۋىلىرى سۆزلۈكى»، 116ـ بەت) «چىتەن» سۆزىگە باغلاش مۇمكىن. بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە دائىرىسىدىن، شۇنىڭدەك ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئوبيېكتىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ مەنىنى بىلدۈرگەن «چىتەن» سۆزىنى «چىتەنباغ» نامىدىكى «چىتەن» سۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇڭا «چىتەنباغ» نامىنىڭ مەنىسىنى بادرىلار بىلەن قورشالغان (ياغاچ
ۋادەكلىك) باغ، دېگەن مەنىدە، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**چىپقان** [其甫坎] قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر
كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر
رىۋايەت بار: «بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ تېرىم يەرلىرى
دۆڭ بولۇپ، سۇ كېلىش مەنبەسى ئىكەن. ئۇلار (شۇ يەرلىك ئاھالە-
لەر-ئا) پەس جايلىرىغا بۆلۈمە ياساپ بۇ يەرلەرنى سۇغۇرىدىكەن. باشقا
يۇرتتىن كەلگەنلەر تېرىم يەرلەرنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىكىگە ھەيران بو-
لۇپ، ھەم نەم قالمىغانلىقىغا قاراپ:

- بۇ يەرگە راستىنلا سۇ چىققانمۇ؟- دەپ سورىسا، يەر ئىگىلىرى
دەرھال:

-چىققان،-دەپ جاۋاب بېرىشىدىكەن. 〈چىققان〉 دېگەن بۇ سۆز
تەكرارلىنىۋېرىپ، ئاستا-ئاستا كەنت نامىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ ۋە 〈چىپقان〉 دەپ
ئومۇملىشىپتۇ» (مۇھەممەتئىمىن قۇربان تۈزگەن «قاراقاشنى چۈشىنى-
ىەيلى»، 234- بەت). ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ، يەنىلا رىۋايەت،
ھەرگىز «چىپقان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيە ئاساسى بولالمايدۇ. بىزنىڭچە،
يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 585- بېتىدە «چىپقان»
دەپ ئاتىلىدىغان بىر مېۋىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى-
نىڭ تەبىرىدىن قارىغاندا، «چىپقان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مېۋە ھازىر
بىزنىڭ تىلىمىزدا «چىلان» دەپ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭچە، «چىپقان» نامى
«چىلان» نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان «چىپ-
قان» نامىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك. ئېھتىمال بۇ سۆزدىكى
تاۋۇش «i ئى» فونېمىسى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ئالاقىدە
چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

**چىرا** [策勒] خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شە-
ھەر) نىڭ نامى. «چىرا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئېنىق ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «چە-را» نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى — «渠勒» نامىنى كۆپلىگەن تەتقىقا-تچىلار ئورتاق ئېتىراپ قىلدى. لېكىن 1956- يىللاردا سىن جوڭمىيەن ئەپەندى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «渠勒» دەپ ئاتالغان نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلدا «giwo» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئاسا-سەن، «keia» (كېرىيە) گە يېقىنلاشتۇرىدۇ (سىن جوڭمىيەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقى-غا سېلىشتۇرما ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارى-سى، 64- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «چىرا» نامىنى قەدىمكى تىلدا «ئوتلاق»، «چىمەن»، «گۈزەل يەر» ۋە «بېزەك»، «ئۇنچە قۇملۇق» دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ. («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنى-لى، 1996- يىل 2-سان، 65- بەتكە قاراڭ). «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى باياناتلارغا قارىغاندا، «چىرا» سۇ يىغىلغان جاي دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 129- بەت). بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**چىقتىم** [七克台] تۇرپان، پىچان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ھازىرچە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تۇرپانغا بىر دىن تارقاتقۇچى (ئىسلام ئەۋلىياسى) نىڭ بۇددىست ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاندا، ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئالغان، كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغاندا، ئۇ بىردەمدىلا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولغان، كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سورىغاندا، «مانا مۇشۇ يەردىن چىقتىم» دېگەن. شۇندىن بۇيان، بۇ جاي «چىقتىم» دەپ ئاتىلىپتۇ، دېيىلىدىغان بىر رىۋايەت بار. ئەمما بۇ رىۋايەتنى «چىقتىم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ستەيىن ئەپەندى «چىقتىم» نامىنى «چىقتام» (chiktam) دەپ يازغان.

«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش ئەللەر تەزكىرىسى» دە « 齐克塔木 » دەپ
ئېلىنغان. ئەمما مىلادى 766- يىلى يېزىشقا باشلىنىپ، مىلادى 801-
يىلى تاماملانغان «قانۇنلار قامۇسى» ناملىق ئەسەردە «چىقتىم» نامى
« 赤亭 » دەپ خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا
ئاساسلانغاندا، « 赤 » خېتى «tsik—tsek» دەپ، « 亭 » خېتى
«t'ing—d'ieng» دەپ ئوقۇلىدۇ (كارلگرېن «خەنزۇ تىلىنىڭ شىۋە
لۇغىتى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1232-، 1005- بەتلەرگە قاراڭ). «غەربىي
يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە «چىقتىم» نامىغا
مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مۇسۇلمان (ئۇيغۇر-نا) تىلىدا 〈齐克〉 سۆزى
〈ئۈزۈن〉 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، 〈塔木〉 سۆزى 〈تام〉 دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ يەر پاكار تاملار بىلەن ئايلاندۇرۇلغاچقا، شۇنداق
ئاتالغان» (سىن جوڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ-جۇغراپى-
يىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 706-
بەت). سىتەيىن بىلەن سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا،
«چىقتىم» سۆزىدىكى «تىم» مۇستەقىل سۆز بولۇپ، «تام» سۆزى بىلەن
ئوخشاش ئىكەن. سىتەيىن «تاشلاندۇق تۇر؟» (废阜)
لارنىڭ «Tim» دېيىلىدىغانلىقىنى ھەمدە قۇدۇق (كارىزنى دېمەكچى
بولسا كېرەك؟-نا) ئۈستىدىكى «تاشلاندۇق تۇر؟» (废阜) نىڭمۇ
«تىم» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (سىن جوڭمىيەنىڭ يۇقىرىقى
كىتابى، شۇ بەت). ھازىر شىنجاڭدا «تىم» دەپ ئاتىلىدىغان جايلار بار
(«تىم» غا سېلىشتۇرۇڭ). بىزنىڭچە «تىم» نىڭ ئېتىمولوگىيىسى «تام»
بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «تام» قەدىمكى خارابە ياكى تۇرنى كۆرسەتكەن
بولسا كېرەك. ئۇنداقتا، «چىقتىم» نامىدىكى «چىق» نى قانداق ئىزاھلا-
ش كېرەك؟ بۇ بىر قىيىن مەسىلە، «قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرى» دە
تىلغا ئېلىنىدىغان «چۇغ» سۆزىنى «چىق» نىڭ ئەسلى يىلتىزى بولسا
كېرەك، دەپ قارايمىز. «چۇغ» سۆزى «باغچا، باغ» دېگەن مەنىلەرنى
(«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 215- بەت) بىلدۈرگەندىن باشقا،
يەنە، «چەت، ياقا» مەنىسىنىمۇ (لى جىڭۋېي «تۇرپاندىن تېپىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 350- بەت) بېرىلدۇ. ئەگەر، بۇ قاراش بويىچە ئېلىنسا، «چىقتىم» ئەسلى «چۇغتىم» بولىدۇ. «چۇغتىم» سۆزى «چۇقتىم» غا، «چۇقتىم» سۆزى «چىقتىم» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر پەرەز، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**چىڭگىسخوزا** [清水河] ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر بازارنىڭ نامى. خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان « 清水河 » نامى «سۈزۈك سۇ» نىڭ مەنە تەرجىمىسى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەلۇماتىدىكى «قاياس شەھىرى» دىكى بىرىنچى قورغان «ساپلىغ قاياس» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 236- بەت) «چىڭگىسخوزا» نامىنىڭ ئەسلىسى بولسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ساپلىغ» سۆزى ساپ، سۈزۈك، پاكىز مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 4-سان، 66-بەت). دېمەك، «چىڭگىسخوزا» نامىنىڭ ئەسلىسى «سۈزۈك سۇ».

**چىلاق** [其拉克] پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى كەنت نامى (مىشا، شاپتۇللۇق يېزىلىرىدا). «چىلاق» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «نەم» مەنىسىنى بېرىدىغان «چى» سۆزىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «لاغ(لاق)» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بولۇپ، «نەم يەر» ياكى «زەي يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 54- بەت).

**چىلپەگزە** [城盘子] ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ خەنزۇچە نام بولسا كېرەك. بۇ جاينىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش قىيىن، ئەمما تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، مەھمۇد قەشقىرى «قارا قاياس» دەپ ئاتىغان نام مۇشۇ جايغا توغرا كېلىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3- توم، 236- بېتىدە «قاياس» نامى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ قورغاندىن

تەركىب تاپقانلىقى، بۇ ئۈچ قورغاننىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ «قارا قاياس» ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. قەدىمكى ۋاقىتلاردا «قارا قاياس» نامى «قارا ئويمان» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 4-سان، 66- بەت) دەپمۇ ئاتالغان. ئالدىنقى ئىككى قورغاننىڭ بىرىنىڭ «ساپلىغ قاياس» — قورغاس چىگىسخوزىنى، يەنە بىرىنىڭ «ئۈرۈك قاياس» — قورغاس ئاقسۇنى كۆرسىتىدىغانلىقىدەك ئېھتىماللىقتىن قارىغاندا، ھازىرقى «چىلپەگزە» نىڭ ئورنى مەھمۇد قەشقىرى ئېيتقان «قارا قاياس» بولسا كېرەك.

## خ

**خابچىغانغول** ［哈布其干郭］ خېجىك ناھىيىسىدىكى بىر جىلغىنىڭ نامى. بۇ نام «قاپچىغاي غول» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، موڭغۇل تىلىدا «خاپچىغانغول» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. «قاپچىق» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**خابچىغاي** ［哈布其盖］ خېجىك ناھىيىسىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ نامى. بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاپچىغاي» نامىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى «قاپچىق» بولسا كېرەك. «قاپچىق» قا قاراڭ.

**خابچىن** ［哈布青］ خېجىك ناھىيىسىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. بۇ نام «قاپچىق» نامىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى بۇزۇلغان ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. «قاپچىق» قا قاراڭ.

**خارسالا** ［哈尔萨拉］ قوبۇقسار، خېجىك ناھىيىلىرىدىكى كەنت، نۇقتا ۋە جىلغا نامى. «خارسالا» نامى موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، مىلادى 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭغا كەڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «خار» موڭغۇل تىلىدا «قارا» دېگەن مەنىنى، «سالا» سۆزى «جىلغا» دېگەن مەنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلدۈرىدۇ. بۇ جاينىڭ تۇپرىقى قارا رەڭدە بولغاچقا، «قارا جىلغا» دەپ ئاتالغان.

**خارمودون** [哈尔莫敦] ئارشاڭ، باغراش، خېجىڭ، شىخۇ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە بورتالا شەھىرىدىكى يېزا، كەنت، نۇقتا نامى. بۇ نام موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭغا كەڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «خارمودون» نامىدىكى «خار» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «قارا» دېگەن مەنىنى بەرگەندىن باشقا، «قارىغاي» دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ. «مودۇن» سۆزى «دەرەخ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «خارمودون» نامى موڭغۇل تىلىدا «قارىغايلىق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**خاندۇ** [汗都] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىمۇ «خاندۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت نامى بار. بۇ ئەينى دەۋردە تۇرپان رايونىدىن ئۇچقا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك («ئۇچتۇرپان» غا قاراڭ). «خاندۇ» نامى «خاندۆڭ» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ھالبۇكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى باياناتلاردىن قارىغاندا، بۇ جاي (شەھەر) نىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بىر كىچىك تاغنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى دۆڭ (تۇر؟) بارلىقى، خەن دەۋرىدە قۇرۇلغانلىقىنى، شۇڭا، «خەن دۆڭ» دەپ ئاتالغانلىقى ئېيتىلىدۇ. سىن جوڭمىيەن ئەپەندىمۇ بۇ قاراشقا مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ (سىن جوڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 709- بەت). بۇ ھەقتە قايتىدىن ئىزدىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

**خاندۇقىر** [汗都克尔] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام «خاندۇ» نامىدىن كەلگەن. «قىر» سۆزى تۆپىلىك، دۆڭ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «خانلىق قىر» دېگەن

مەنىدە كېلىدۇ. «خاندۇ» غا قاراڭ.

**خوتەن** [和田] جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەت (شەھەر) نىڭ نامى. «خوتەن» نامىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يېزىلىشى «ئۇ-دۇن». «ئۇدۇن» مۇندىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ نامى. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارى-غاندا، «خوتەن» ـ «ئۇدۇن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئىچىدىمۇ ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بۇ قاراشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە «ئۇدۇن» (ياكى «ئۇدۇن») نامىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ نام ئەڭ دەسلەپ «于阗» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، كېيىنچە دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەنە باشقىچە ترانسكرىپسىيە قىلىن-غان. قۇربان ۋەلى ئەپەندى كارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان «Khotan» نى ساك يېزىقىدىكى ھۆججەتتە ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە خەنزۇ تىلىدىكى «于阗» نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزىنىڭ «ütien» دەپ ئوقۇلۇش بىلەن «ماھاسانىپا سۇترا» دا تىلغا ئېلىنغان «优地那耶» نىڭ قەدىمدە «ütiana» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقى ۋە ھونلارنىڭ «通于» (ütiün) دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئاساسەن، ھون تىلىدىكى ئاتاشنى ئەسلى يېزىلىشى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى شۆەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ (خەنزۇ تىلىنىڭ ـ ئا) تىلى بويىچە ئوغۇز سۇتى بەرگەن يۇرت، دېمەكتۇر» دېگەن باياتىغا مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، «khostan» نى ئاساسىي مەنبە قىلغان (قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 224 ـ، 226 ـ بەت). بۇ قاراش بىر چاغلاردا، شۆەنزاڭ خاتىرىسىدىكى قۇستانا (ياكى گوستانا) «Gostana» سۆزىنىڭ سانسكرىتچە «يەر ئەمچىكى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدىغان قاراشقا ئوخشاپ كېتىدۇ (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان «شۆەنزاڭ. 〈 تاڭ دەۋرىدىن غەربىي يۇرتقا ساياھەت〉 نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە نەشرى، 1003 ـ بەتكە قاراڭ). «ئوغۇز ماكانى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەيدىغان قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قارىشى شۆەنزاڭ خاتىرىسى بىلەن «ئۇدۇن دۆلىتى خاتىرىسى»، «ئۇدۇن دىنىي ئەھكاملار تارىخى» دىن ئىبارەت ئىككى يازما يادىكارلىقتىن كەلگەن بولسا كېرەك (ستەيىن «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 65- بەت). ئۇندىن باشقا، يەنە بەزىلەر «خوتەن» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قەدىمكى يوتقان (يوتكان) قەدىمى شەھىرىنىڭ نامىدىن ئىزدىسە، يەنە بەزىلەر «قوتان، قودان» (مەنىسى، كالا باقىدىغان يەر) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر بولسا ساك تىلىدىكى «hu—vat—ana» سۆزىدىن كەلگەن، «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر خەنزۇچە قەدىمكى كىتاب «سانسكرىت تىلىنىڭ تەرجىمىسى» ناملىق ئەسەردىكى «Yü—tien» دېگەن سۆزنىڭ «üdyana» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىغا ئاساسەن، «ئارقا ساي» دەپ بېرىلگەن ئىزاھنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پېللىئوت سانسكرىتچە «udyana» سۆزىنىڭ ھەققى مەنىسىنىڭ «مېۋىلىك باغ» ياكى «گۈلباغ» بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. روسىيىلىك دوكتۇر بۇشىر ۋە ياپونىيىلىك دوكتۇر شىراتورى كۇراكىچى «خوتەن» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تىبەت تىلىدىن ئىزدەپ، تىبەت تىلىدا قاشتېشىنىڭ «gyu(yu)» دېيىلىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، قەدىمكى تىبەت تىلىدا «于» تاۋۇشىنى «Khu» ياكى «gu» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ قاشتېشى دېگەنلىك. يەنە تىبەت تىلىدا شەھەر-بېزىلار «tong» دېيىلىدۇ، بۇ «tan» غا ماس كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ فرانسىيە ئالىمى لېۋىي شۆەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «kustana» ئاتالغۇسىدىكى «瞿» خېتىنى «ko» ياكى «ku» دەپ ئوقۇماي، ئەسلى تاۋۇشى بويىچە «qu» دەپ ئوقۇش كېرەك. ھىندىچە لۇغەتتە «qustani»، يەنى «kustan»، «qustani» نىڭ مەنىسى ئۈزۈم، دەپ كۆرسەتكەن، دەپ قارايدۇ (لى يىنپىڭنىڭ «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قاراڭ، 1-باب، 1- مەزمۇن). قىسقىسى، بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسىدە، «ئۇدۇن»

نامىنىڭ ئۆزگە ئەھمىيەت بەرمىگەن. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ئۇدۇن» نامىنى «ئۇدۇن» دەپ خاتىرىلىگەن (1- توم، 104- بەت). بۇ، 11- ئەسىردىكى «ئۇدۇن-ئۇدۇن» بىلەن «خوتەن» نامىنى تەڭ ئىشلەتكىنىدىن قارىغاندا، «ئۇدۇن» دەپ ئاتاشنىڭ مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدە ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغانلىقىنى، «خوتەن» دەپ ئاتاشنىڭ شۇ دەۋردىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىدىغان نامغا ئايلانغانلىقىنى، شۇنىڭدەك، «ئۇدۇن» نامىدىن «خوتەن» نامىنىڭ مەلۇم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدىن چىققانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس. ئۇ ھالدا 11- ئەسىردىن بۇرۇن «خوتەن» نامىنىڭ «ئۇدۇن» دەپ ئاتىلىشىنى تېخىمۇ ئارقىغا سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پارىژنىڭ فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادى 1068- يىللار ئارىلىقىغا تەۋە بولغان «PO uigour2» نومۇرلۇق (خامىلتون 18- نومۇر دەپ ئاتىغان) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتە «ئۇدۇن Odun» دەپ خاتىرىلەنگەن (ياڭ فۇشۆ، نيۇروجى «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرى» ، خەنزۇچە نەشرى، 88- بەت). بۇ ھۆججەتتىن قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرى يەتكۈزگەن «ئۇدۇن» دىن باشقا يەنە «ئۇدۇن» دەپ ئاتايدىغان شەكلىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى خىل ئاتاشتا چوڭ پەرق يوق. بۇ، قۇربان ۋەلى ئەپەندى ئوقۇغان «于阗» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى بولغان «ütien» گە ماس كېلىدۇ. ئەمما نيۇروچېن ئەپەندى بۇ سۆزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردە Godan دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتىدۇ (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، خەنزۇچە نەشرى، 128- بەت). تىبەت تىلىدى-كى قەدىمكى ئەسەر «ئۇدۇن تارىخى» دا Huthen—uthen دەپ ئېلىنغان (سىن جوڭمىيەن «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ» ، خەنزۇچە نەشرى، 16- قىسىم، 71- بەت). سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «于» خېتى، «hü»، «阗» خېتى «d'ien» (hüdien) دەپمۇ ئوقۇلىدۇ (سىن جوڭمىيەننىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 71-، 72- بەتلەرگە قاراڭ). خامىلتون ئەپەندى

www.uyghurkitap.com



«于» خېتىنى «jiu—jü» («يۈ») دەپ ئوقۇپ، تۈركلەردە «ü»
ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (ج. ر. خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇي-
غۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، خەنزۇچە نەشرى، 187-
بەت). دېمەك، نيۇروچېن ئەپەندىنىڭ ئوقۇشىدا گۇمان بار، ئېھتىمال
ئۇ شۇەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «Kustana» ياكى «Gostana» غا مايىللا-
شتۇرغان بولسا كېرەك. شۇڭا، بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چوقۇم
«ئۇدۇن-ئۇدۇن-ئۇدۇن» نامىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك. لېكىن بۇ
ناملار كېيىن قانداقلارچە «خوتەن» گە ئۆزگىرىپ، «خ» فونېمىسى
قوشۇلۇپ قالدى؟ بۇ، «خوتەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاچقۇچ-
لۇق مەسىلە. مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىمۇ «خوتەن» نامىنىڭ بارلىقى
ۋە «ئۇدۇن» نامىنىڭ تېخى ئىستېمالدىن قالمىغانلىقىدىن قارىغاندا،
«خوتەن» نامى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىدا ئاللىقاچان ئۇدۇن تىلىدىكى
ئاتىلىشىغا ئاساسەن، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. ئەمما،
ئۇدۇن تىلىدا يەنىلا ئۆز ئاتىلىشى بويىچە ئاتالغان، شۇڭا تۈركىي خەلقلەر
تىلىدىمۇ، بۇ نام ساقلىنىپ قالغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «خوتەنلىكلەر
بىلەن كەنچەكلەر سۆزىنىڭ بېشىدىكى ‹ا› نى ‹ھ› غا ئالماشتۇرىدۇ.
تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى
تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 44-
بەت). ئەمدى بىز مەھمۇد قەشقەرى يەتكۈزۈپ بەرگەن تىلغا ئائىت بۇ
مەلۇماتقا ئاساسەن، ئۇ قالدۇرغان «ئۇدۇن» نامىغا قەدىمكى خوتەنلىكلەر-
گە ئوخشاش «ھ» تاۋۇشىنى قوشۇپ ئاتىساق، «ئۇدۇن» نامى «ھۇدۇن»
(ياكى «ھۇدۇن»، «ھودۇن») بولىدۇ. دېمەك، «ئۇدۇن» نامىنىڭ ئەسلى
ئاتىلىشى «ھۇدۇن»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «ئۇدۇن» تۈركىي
تىللارنىڭ تىل قانۇنىيىتى بويىچە ئەسلىدىكى «ھ» نى تاشلىۋېتىپ
ئاتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۈركىي خەلقلەردە بۇ نام مەلۇم
ۋاقىت ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭدەك تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ھۇدۇن»
نامىنى ئەسلى پېتى ئاتىشى بىلەن تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ،
«ھ» تاۋۇشى «خ» تاۋۇشىغا ئالماشقان. دېمەك، «ھۇدۇن (ھۇدۇن)»

→ خۇدۇن (خۇدۇن) → خۇتۇن (خۇتۇن) → خوتەن» غا ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك.

**خودەك** [霍岱克(?)] خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيە-سى ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئاقشور كەنتىگە قاراشلىق بىر يايلاقنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن، لېكىن ئىقبال تۇرسۇن ئەپەندى ساك قەبىلىلىرى-نىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان «ساكاتىگراخائۇدا» (SakaTigrahauda) قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلغان ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1996- يىللىق 1-سان، 51-بەت). بىراق ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا ناخشى رۇستەمدىكى مىخ يېزىقلىق تاش ئابىدىدە تىلغا ئېلىنغان ساكلارنىڭ ئۈچ چوڭ گۇرۇھىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان (SakaTigrahauda) (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار دېگەن مەنىدە) لار قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، جۈملىدىن تاشكەنت، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ، تالاس دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغان («ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1- قىسى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 33- بەت). يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، «خەننامە» دىكى بايانلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۇقىرىقى رايون-لاردا خانلىق تىكلىگەن ساكلار ھونلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان توخرى-لارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرمۇنچە خانلىقلارنى قۇرغاندى.

**خوشۇت** [和硕] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوب-لاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «خوشۇت» نامى موڭغۇللا-رنىڭ تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان «خوشۇت» قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، «خوشۇت» قەبىلىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى «خوشۇت» تا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. «خوشۇت» قەبىلىسىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى « 和硕特 » بولۇپ، كېيىنچە « 特 »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خېتى قىسقارتىۋېتىلگەن.

## د

**دابان** [大坝] مىچۈەن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «دابان» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «داۋان» سۆزىنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولۇپ، «دابان» دېگەن بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام ھېسابلىنىدۇ. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىن قارىغاندا، «دابان» دېگەن بۇ سۆز «چوققا، داۋان»، «تاغ، تاغلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 226_ بەت).

**دابىسن** [达布逊] چىڭگىل ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامدا ئاتىلىدىغان «دابىسىن ئادىر»، «دابىسن ئادىر قورۇ»، «دابىسن قورۇ» دەپ ئاتىلىدىغان يەرناملىرى بار. بۇ يەردىكى «دابىسن» سۆزى «دەپسەن» سۆزىنىڭ قازاقچە ئاتىلىشى بولسا كېرەك. «دەپسەن» گە قاراڭ.

**داپسۇن** [达甫逊] توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «داپسۇن» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «بۇ يەردە تۇز كۆپ بولغاچقا، داپسۇن دەپ ئاتالغان. داپسۇن موڭغۇل تىلىدا تۇزلۇق يايلاق (ئوتلاق) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 225_ بەت). بۇ نامنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «دابىسن» بولسا كېرەك، چىڭگىل ناھىيىسىدىمۇ «دابىسن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. «دابىسن» غا قاراڭ.

**دادامتۇ** [达达木图] غۇلجا ناھىيىسىدىكى بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ، ئۇزۇن تارىختىن ئىلگىرى يەر نامى بولۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا «دادامتۇ» شەكلىگە كەلگەن. موللا

بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىدا بۇ نام ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «ئاچانوقۇ خەلقى ‹غوجام كەلدى!›- دەپ، كى شۇڭقار ئېلىگە دۇئا بەردى دەپ. كى داردامتۇ، غالجات دۆلەتۇ ئېلى، خۇنۇخاي، ئىككى بۇغرا خەلقى خېلى.» («بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981- يىل 2-سان، 264- بەت) دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنىڭ «غازات دەرمۈلكى چىن» ناملىق تارىخىي داستانىدا، «داردامتۇ» دەپ ئېلىنىماي «دارتامتۇ» دەپ ئېلىنغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995- يىل 2- سان، 13- بەتكە قاراڭ).

**داش** [达什(西)] پەيزاۋات، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى كەنت، كۆل نامى. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە ناھىيىسىدە «داشكۆل»، چىرا ناھىيىسىدە «داشكۆل» كەنتى، لوپنور ناھىيىسىدىكى ۋە بۇگۇر ناھىيە- سىدىكى «داشى» دەپ ئاتىلىدىغان كەنت، مەھەللە ناملىرى بار. «داش» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەبىئىي شەكىللەنگەن كۆل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «داش» سۆزىگە «مان» سۆزى قوشۇلۇپمۇ كېلە- دۇ، بۇ «چوڭقۇر كۆل، تىرەن كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 66- بەتكە قاراڭ).

**داشكۆل** [达什(西)库勒] چىرا ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. كېرىيە ناھىيىسىدىمۇ شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر كەنت نامى بار. «داش» قا قاراڭ.

**داشمال** [达西(什?)马(玛?)勒] گۇما ناھىيىسىدى- كى يەر نامى. ئەسلىسى «داشمان». «داشمال-داشمان» - داش سۆزى «كۆل» دېگەن مەنىنى، «مال-مان» سۆزى ① «تولۇق، تول- غان، لىپمۇ-لىق»، ② «چوڭقۇر، تىرەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «داش» قا قاراڭ.

**داشمان** [达什曼] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «داش» سۆزىگە ① «تولۇق، تولغان، لىپمۇ-لىپ»، ②

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«چوكقۇر، تىرەن» مەنىلىرىنى بېرىدىغان «مان» سۆزىنىڭ قوشۇلۇ-
شى بىلەن ياسالغان. «داش» قا قاراڭ.

**داۋانچى (-چىلىك)** [达板城(齐)] ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر جاينىڭ نامى. «داۋانچى» (خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، كېيىنچە «داۋانچىڭ» دەپ ئاتالغان) نامى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «كىچىك داۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يېزىمۇ «داۋانچى» دەپ ئاتىلىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 2-سان، 66- بەت).

**داۋلىق** [达吾勒克] مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «داۋالىق» بولۇپ، «داۋا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يۇلغۇن چېچىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېھتىمال «يۇلغۇن چېچىكى كۆپ يەر» ياكى «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 57- بەت).

**دەپسەڭ** [代(达?)甫桑] چەرچەن، قاغىلىق، پوس-كام ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا، ساي ۋە كەنت نامى. يەنە «دەپسەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دەپسەڭگە» گە قاراڭ.

**دەپسەڭگە** [达甫散盖] تۇرپان شەھىرى ئۈرۈمچە-لىك يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە بەزىلەر نامۇۋاپىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، ياقۇپبەگ قوشۇنى خوپزۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈر-گەنلىكى ئۈچۈن، دەپسەڭگە دەپ ئاتالغان («شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمە-لەر» ژۇرنىلى، 1994- يىل 1- سان، «بىلەمسىز، بۇ يەر نامىلىرى قانداق كېلىپ چىققان» ناملىق ماقالىگە قاراڭ) دېيىش بىلەن «تاغنىڭ ئايىغى-دىكى تۆزلەڭلىك» دېگەن مەنىدە («تۇرپان شەھىرى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 38- بەت؛ ئۇيغۇرچە نەش-

رى، 55 ـ بەتتە بۇ نامنىڭ مەنىسى ئىزاھلانمىغان) دەيدىغان قاراشلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەر ناملىرى يوق ئەمەس، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى «دەپسەن» ، قاغىلىق، پوسكام، چەرچەن ناھىيىلىرىدىكى «دەپسەڭ» قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى بىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەنە پەرقى يوق. «دەپسەڭگە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا تەۋە باغرى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ بۇيلۇققا بېرىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان بىر دۆڭ (تۆپىلىك) نىڭ نامى بولۇپ، مۇشۇ تۆپىلىككە قەدەم قويۇلىدىغان يەر «دەپسەڭگە» دەپ ئاتىلىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 64 ـ بەت).

**دەپسەن** [代(达?)甫桑] ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بىر نۇقتىنىڭ نامى. يەنە «دەپسەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دەپسەڭگە» گە قاراڭ.

**دولات** [都拉特(图)] جېمنەي، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىرىدىكى يەر نامى. ئۇندىن باشقا، ئالتاي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق جايلاردىمۇ «دولات» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار. بۇ يەر نامى يەنە ئالتاي تېغىنىڭ بىپايان ساي ـ جىلغىلىرىدا، تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، جايىر، بارلىق تاغلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا تولى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر تاغمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ تاغنىڭ شەرقىدىكى بىر دەريامۇ دولات دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇل خەلقى ئارىسىدا بۇ نامنى دولانا دەرىخىنىڭ نامىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش بار. ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايلاردا دولانا دەرىخى يوق ئىكەن، ھەتتا ئالتاي تاغلىرىدىكى دولات نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلارنىڭ ئەتراپلىرىدىمۇ بۇ خىلدىكى دەرەخ يوق ئىكەن («غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ، خەنزۇچە نەشرى، 369 ـ بەت). دېمەك، ناھايىتى روشەنكى، «دولات» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يەر نامى دولانا دەرىخىنىڭ نامىدىن كەلگەن دېيىش پۈتۈنلەي خاتا. ئۇنداقتا، «دولات» نامىنىڭ ئېتىمولوگ-

يىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ قەدىمكى «دولات» (杜拉特) قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ قەبىلە نامى ھازىرغىچە قازاق قەبىلە-ئاي-ماقلىرى نامىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى دولات قەبىلىسى قازاق ئۇلۇغ يۈزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغان قەبىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبىلىلەر توپى قەدىمدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى ۋادىلىرى ۋە چۇ، تالاس ۋادىلىرىدا، شۇنىڭدەك، مورى، باركۆل، قۇمۇلدىن ئىبارەت كەڭ رايونلاردا ئوت، سۇ قوغلىشىپ ئۆتكەن ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندى.

**دولان** [多浪] ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا نامى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان كەنت نامى بار. دولان نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئالىملىرى بەزى تەتقىقاتچىلار موڭغۇل تىلىدىكى «يەتتە» مەنىسىنى بېرىدىغان «dolohan» سۆزى بىلەن باغلاپ، قەدىمكى دولانلىقلارنى موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ نام ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بولغان «دولانفت» قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، ماچاڭشۇ ئەپەندى «كونا تاڭنامە» دە « 多览葛 » دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى «تۈركلەر ۋە تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 50-، 51-، 57-بەتلەر) كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سىن جوڭمىيەن ئەپەندى «ئومۇمىي تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ قەبىلە نامىنى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى دەپ ساناپ، ئۇلارنىڭ «tolangit» دېيىلىدىغانلىقى ھەمدە دوسساننىڭ تارىخىدا يەنە «tulangkite» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن، بۇ نامنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە « 多滥 » مۇ دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (مەزكۇر ئەسەر، 683-، 750-، 751- بەتلەرگە قاراڭ). ليۇيىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە بۇ قەبىلە نامىنى تېلى قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى ئون بەش قەبىلىنىڭ بىرى، دەپ قاراپ، ترانسكرىپسىيىسىنى «telangut» دەپ بېرىدۇ (مەزكۇر

ئەسەر، 79-، 84- بەتلەر). ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس ئابى تاكنو ئەپەندى «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە بۇ قەبىلىنى «促隆忽» «tsü—lunɤ—ɤu» بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ (مەزكۇر ئەسەر، 8- بەت). («ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە 109- بەت).

**دۇۋا** [杜瓦] گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، قورۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرىنىڭ كۆكتارت، ئۇلۇغئارت داۋانلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى تۆگەنچە يېرىدىكى بىر جاي نامى. ئەسلى دەريا نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەردىن دۇۋا - دۇنا سۈيى ئېقىپ ئۆتىدۇ. قەدىمكى تىلدا «دۇبە» بولۇپ، «تۆگەنچە»، «ئاخىرقى ئۇچى»، «ئاياغ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. زامانىمىز ئۆتۈشى بىلەن، تەلەپپۇزدا «دۇۋا» بولۇپ كەتكەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 41- بەت).

**دۆربىلجىن (ئېمىل)** [额敏] تارباغاتاي ۋىلايىتىدى- كى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام كېيىن قويۇلغان بولۇپ، بۇ جاي ئەسلىدە «ئېمىل» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ نام بىر دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە ئىزاھلىنىشىچە، «ئېمىل» دېگەن بۇ نام «تېپ- تىنچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە، 147- بەت). يەرلىك ئاھالە بۇ جاينى «دۆربىلجىن» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز ئەسلى موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «دوربىن» (توغرىسى «دورۋن») - تۆت دېگەن سۆز. «دوربىل- جىن» - تۆت بۇرجەك قەلئە دېگەنلىك بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «ئېمىل» دەرياسىنىڭ نامى بىلەن «额敏» («ئېمىن») دەپ ئاتىغان. «ئېمىل» نامىنىڭ ئەسلىسى «ئامىل» بولۇپ، «جىم»، «يۇۋاش»، يەنى «جىم ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك («شىنجاڭ تەزكىرىچە- لىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 41- بەت).

**دۆڭقىشلاق** [墩克什拉克] ئالتاي شەھىرى، يېڭى-

سار، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئونسۇ ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە كەنت نامى. «دۆڭلۈكتىكى ياكى دۆڭلۈككە يېقىن جايلاشقان قىشلاق» دېگەن مەنىدە. «قىشلاق» قا قاراڭ.

## ز

**زاۋا** [扎瓦] خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر يېزا ۋە بىر كەنتنىڭ نامى. قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زاۋىيا» ـ «زابا» بولۇپ، «خىلۋات جاي»، «خانىقاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-يىل 3-سان، 41- بەت)

**زاڭگۇي** [藏桂] خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «زانگويا» بولۇپ، قەدىمكى خوتەن تىلىدا «ياقا مەھەللە» ياكى «ئېقىن ياقىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 41- بەت).

**زەرەپشان** [泽勒普善] يەكەن ناھىيىسى بىلەن پوسكام ناھىيىسى ئارىلىقىدىن ئۆتىدىغان چوڭ دەريا — يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى. «زەرەپشان» — «زەر ئەپشان» بولۇپ، «زەر ئاقار»، «ئالتۇن چاچار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 42- بەت).

**زۇڭلاڭ** [宗朗] قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا، كەنت ۋە مازارنىڭ نامى. «زۇڭلاڭ» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر بۇ سۆزنى ئەرەب تىلىدىكى «بېلىق بار بۇلاق» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «زۇنۇك» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر، بۇ سۆز «نۇرلۇق مازار»، «مازار ئوتتۇرىسى» ۋە كۆكيار بەگلىكىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جاي

دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زوڭلاڭ مازىرىنىڭ شەيخى شاپى بارى ساقلىغان «زوڭلاڭ مازىرىنىڭ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، «زوڭلاڭ» نامىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «زۇننۇر» بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا «زوڭلاڭ» دەپ ئاتال-غانلىقى سۆزلىنىپ، «زۇننۇر» نامى بىلەن ئاتالغان يەرنىڭ رىۋايىتى قەيت قىلىنغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇي-غۇرچە، 1993- يىل 4- سان، 129-، 130- بەتلىرىگە قاراڭ). ئەمما، «زۇننۇر» سۆزىنىڭ «زوڭلاڭ» سۆزىگە ئۆزگىرىشىنى فونېتىكا جەھەتتىن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئالدىنقى بوغۇم «زۇن» نى فونېتىكىلىق ئۆز-گىرىش ئارقىلىق «زوڭ» غا ئۆزگەرگەن دېيىشكە بولىدىغان تەقدىردىمۇ، ئاخىرقى بوغۇم «نۇر» نىڭ «لاڭ» غا ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## س

**سارقۇم** [萨尔库木] جېمىنەي، كۆكتوقاي، بۇرۇلتو-قاي ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە كەنت نامى. «سارقۇم» سۆزىدىكى «سار» سۆزى قازاق تىلىدا «سېرىق، ساغۇچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ جاينىڭ نامىنى «سېرىق قۇملۇق » ياكى «سېرىق قۇم» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. ئەمما «قۇم» نىڭ ئۆزى ئاساسەن (قۇملۇق، چۆللۈكلەردە) سېرىق رەڭدە بولغاچقا، يەنە «سار قۇم» (سېرىق قۇم) دەپ ئاتاش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «سارقىم» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بىزنىڭچە، «سارقۇم» نامى ئەسلى «سارقىم» بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقىرى «سارقىم» سۆزىگە «قىراۋ» دەپ تەبىر بېرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 236- بەت).

**سارلىق** [沙尔力克] گوچۇڭ ناھىيىسى (شەھىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى — سارلىق داۋان. بۇ جايدىكى تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبى تارىختىن بۇيان تۇرپاننىڭ سارلىق باقىدىغان يايلىقى بولغاچقا، «سارلىقنىڭ داۋىنى» دەپ ئاتالغان. «سارلىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قوتاز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «سارلىقنىڭ داۋىنى» دېگەن بۇ نام «قوتاز داۋىنى» دېگەن مەنىدە («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئۇيغۇرچە 1999- يىل 4- نويابىر، 3- بەت). بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «ساغلىغ» بولۇپ، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى» دا «ساغلىق» مەنىسىدە كەلسە، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» دە «ساغلىق» خاس ئىسىم بولۇپ كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 338- بەتكە قاراڭ). تۇرپان ئىدىقۇتتىن ئا. گرۈنۋېدىل (A. Grünwedel) يىغىۋالغان (رادلوف تەتقىق قىلغان) بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدىكى ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

1. bars yil sákizinc ay bis otuz—qa türci alp tas 2. ningqoy (i)n— tin iki saɣliɣ qoy(i)n iki saɣliɣ ackü
3. bir taka bir qocqar bis qozi birla turuɣin—ta 4. ol üp barti...

تەرجىمىسى: 1. يولۋاس يىلى 8- ئاينىڭ 25- كۈنى تۈرچى ئالپ تاش 2. نىڭ قوي(لىرىنىڭ ئىچى) دىن ئىككى ساغلىق قوي، ئىككى ساغلىق ئۆچكە، 3. بىر تېكە، بىر قوچقار، بەش قوزىسى قوتاندا ئۆلۈپ قاپتۇ... (لى جىڭۋېي «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 255- بەت). دېمەك، بۇ يەردىكى «سارلىق» سۆزى «قوتاز» نى كۆرسەتمىگەن. «قوتاز» دېيىش، بىزنىڭچە پۈتۈنلەي بىر تەرەپلىمە قاراش. بۇ ھۆججەتتىكى «ئىككى ساغلىق قوي، ئىككى ساغلىق ئۆچكە» دېگەن سۆزلەردىن مەلۇمكى «ساغلىق» (يەنى «سارلىق») سۆزى ئۆچ ياشلىق قوي، ئۆچكىلەرنىڭ خاس نامى.

**سارئېمىل** [萨尔也木勒] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئېمىل دەرياسىنى تەشكىل قىلغان ئىككى ئۇلۇغ ئېقىننىڭ بىرىنىڭ نامى ـ سار ئېمىل دەرياسى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدە يەنە «سارئېمىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت ناممۇ بار. بۇ كەنت نامى ئەشۇ «سار ئېمىل دەرياسى» نىڭ نامىدىن كەلگەن. «سار» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئېمىل» غا قاراڭ.

**ساربكول** [萨雪阔勒] تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «ساربكول» ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمىي نام. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ساك قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان ساكارائۇل قەبىلىلىرى مۇشۇ جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، «ساربكول» نامى مانا مۇشۇ قەبىلىلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ جايىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتىلىشى تارىخ مەنبەلىرىدە « 沙车 » دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خەتنى خەنزۇ تىلىنىڭ قەدىمكى فونېمىسىغا ئاساسەن ئوقۇغاندا «sarku» ياكى «saka» مەنىلىرى چىقىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى « 沙车 » دەپ ئاتالغان ئورۇننى ھازىرقى ساربكول دېيىشكە بولىدۇ. «يەكەن» گە قاراڭ.

**ساغان** [萨干(罕?)] يېڭىسار، گۇما، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىرىدىكى يېزا، كەنت نامى. «ساغان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم 571- بەتتە «سارغان» سۆزىنى «شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت، بۇ ئوت ئۈنگەن يەر ‹سارغان يەر› دېيىلىدۇ. قومۇشلىرى قۇرۇپ كەتكەن چاتقاللىقمۇ ‹سارغان قومۇش› دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بوغما يىلان» ياكى «غولپىياز» مەنىسىنى بېرىدىغان «سوغان» سۆزى؛ «پىياز»، «تاغ ئۆچكىسى ياكى تاغ تېكىسى» مەنىسىنى بېرىدىغان «سوغۇن» سۆزى؛ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامى «ساغۇن» سۆزى قاتارلىقلار بار. بۇ سۆزلەر ئاساسەن ئاھاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قارىغاندا، «سوغان» سۆزى بىلەن «سوغۇن» سۆزى مەنە بىرلىكىگە ئىگە بولسا كېرەك. دېمەك، «سوغان» سۆزى بىلەن «سوغۇن» سۆزى تەڭداش بولۇپ، ئاساسىي مەنىسىنى «پىياز ياكى غولپىياز» دېن ئىبارەت. «سوغۇن» سۆزىنىڭ يەنە «تاغ ئۈچكىسى، تاغ تېكىسى» مەنىسىدىن قارىغاندا، «قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان» مەنىسىنى بېرىدىغان «ساغۇن» سۆزى بىلەن باغلىنىشى باردەك قىلىدۇ (خۇددى «بورغا» ئەمەل نامى بولغاندەك). قىسقىسى، «ساغۇن»، «سوغۇن» سۆزلىرى مەلۇم جەھەتتىن تەڭداش بولسا كېرەك. «سارغان» سۆزى بولسا، «شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت» نىڭ نامى.

**ساغائۆستەڭ** [萨干吾斯塘(唐?)] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «ساغان» غا قاراڭ.

**ساغرىچى** [萨格日基] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «ساغرىچى» نامى «ساغرى-ساغىر» سۆزى بىلەن «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 529- بەتتە «ساغىر» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ساغىر. تۆۋى تار، ئاغزى كەڭ بىرخىل قاچا. ئۇنىڭدا ئىچىملىك ساقلىنىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، «ساغرىچى» نامى «ساغىر» دەپ ئاتىلىدىغان قاچىنى ياسىغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت ئىزدىنىشلەر»، 86- بەت).

**ساغلان** [沙格兰] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «ساغلان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر تىلىدا ساقلاش، كۈتۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 78- بەت) ھەم لەقەم ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بىزنىڭچە، بۇ تەبىر مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ساغلان» سۆزى «ساغلانتۇرماق»، «ساغلانماق» سۆزلىرىگە تۈپ سۆز بولۇپ كېلىپ

«ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق» ياكى «دىققەتتە بولماق»، «ھوشيار بولماق» («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 238- بەت) دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بىز «ساغلان» سۆزىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كۆرسەتكەن «شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت» نى كۆرسىتىدىغان «سارغان» سۆزىدىن (يۇقىرىقى كىتاب، 236- بەت) ئۆزگىرىپ كەلگەنمىكىن، دەپ قارايمىز. «ساغلان» بىلەن «سارغان» سۆزىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامغۇر» سۆزىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

**سانجى** [昌吉] شىمالىي شىنجاڭدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى (شەھەر) نىڭ نامى. «سانجى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. يۈۋېي-چىڭ ئەپەندى 1986- يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمى-سىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە «سانجى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 153- بېتىدە تىلغا ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ 5 شەھىرىنىڭ بىرى بولغان «ياڭى بالىق» شەھىرىنىڭ نامىنى «ياڭى بالىق» (يېڭى شەھەر) نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، بۇ موڭغۇلچە سۆز ئەمەس، ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، دەپ قارايدۇ (شۇ كىتاب، 126- بەت). بىراق، «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «ياڭى بالىق» شەھىرىنىڭ نامىدىكى «ياڭى» بىلەن «سانجى» نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى «چاڭ» (昌) نىڭ مۇناسىۋىتىنى دەلىللەش قىيىن، يەنە «ياڭى» سۆزىنىڭ «چاڭ» غا ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن «ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» ناملىق ئەسەردە «سان-جى» نامى «چاڭبالا» (昌八剌城) شەھىرى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ («قەدىمكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»[تاللاپ شەرھ بېرىلگەن]، خەن-زۇچە نەشرى، 202- بەت). نيۇرۇچېن ئەپەندى «سانجى» (昌吉) نامىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 153- بەتتە

كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ 5 شەھىرىنىڭ بىرى بولغان «چامبالىق» شەھىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ، ئەمما «چامبالىق» نامىدىكى «چام» سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىيالمىغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 141- بەت). بىزنىڭچە، «سانجى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر 5 شەھىرىنىڭ بىرى بولغان «چامبالىق» شەھىرىدىن ئىزدەش كېرەك. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى« 昌八剌 » بىلەن ئۇنىدىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان « 彰八里 »، « 昌八里 » نامىلىرى «چامبالىق» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىگە ئاساسەن «چام» سۆزى «چاڭ» (昌) ياكى «جاڭ» (彰) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت بايانلار» نىڭ 76- جىلدىدا «سانجى» ھەققىدە توختىلىپ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 5 شەھىرىنىڭ بىرى، ئەسلى نامى چامبالىق (昌都剌)» (شۇ كىتاب، 9- تەزكىرە، 2375- بەت) دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ يەردىكى (昌都剌) شەھىرىنىڭ نامىمۇ «چامبالىق» نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بالىق» سۆزى «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا «چام» سۆزىنى قانداق ئىزاھلاش كېرەك؟ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا «چام» سۆزى «ماجرا، دەۋا، قارشىلىق، قارشىلىق قىلىش» مەنىسىدىن باشقا يەنە «ساپال چۆگۈن» مەنىسىنىمۇ بېرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 207- بەت). مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 152- بېتىدە: «بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار، ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر» دەيدۇ. شۇڭا «چام» سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئالدىنقى تەبىر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن، دەپ قارايمەن.

**ساڭ** [桑(仓?)] شىنجاڭدا «ساڭ» نامى بىلەن ياكى «ساڭ» نامى قوشۇلۇپ كەلگەن يەر نامىلىرى نۇرغۇن. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر، پوسكام، يەكەن، مارالبېشى، ئاۋات، پەيزاۋات، كۇچا، گۇ-

چۇك، بۈگۈر، ئاراتۈرۈك، شايار، ئۈنسۇ ناھىيىلىرىدىكى «ساڭ كەنتى»، «ساڭخويلا»، «ساڭمەھەللە»، «ساڭدۆڭمەھەللىسى»، «ساڭتۈركەنتى»، «ساڭتام كۆلى»، «ساڭبېي مەھەللىسى»، «ساڭبازار كەنتى»، «ساڭ ئالدى» قاتارلىقلار. ھازىر كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا جايلاردىكى «ساڭ....» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى خەنزۇچىغا تارتىلىپ «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ ئىزاھلىنىۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، بەزى يەر ناملىرىنى شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېيىلگەندىمۇ، يەنىلا كۆپلىگەن يەر ناملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك. قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا «ساڭ» سۆزى بىردەك «جامائەت»، «خەلق» دېگەن مەنىلەردە كۆرۈلىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 240- بەت). ئۇندىن باشقا، يەنە «ماياق-قۇش ساڭى-قۇش مايىقى»، «بىر خىل دورا» ناملىرىدا ئاتىلىدىغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار يوق ئەمەس («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 488- بەتكە قاراڭ). دېمەك، بۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، «ساڭ» سۆزى «ئاشلىق ئامبىرى» مەنىسىنى بېرىدىغان « 仓 » سۆزى بولماستىن، بىرىنچىدىن، خەلق، جامائەت مەنىسىنى، ئىككىنچىدىن، قۇش ماياقلىرى مەنىسىنى، ئۈچۈنچىدىن، بىر خىل دورا نامىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ساڭ» سۆزىدىن ئىبارەت. ئېھتىمال مۇھىمى، ئالدىنقى ئىككى تەبىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساڭتام** [仓塔木] شايار ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامى. «ساڭ» غا قاراڭ.

**ساڭتام كۆلى** [桑塔木库勒] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «بۈگۈر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇر تىلىدا ئاشلىق ئامبىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 〈桑〉 خەنزۇ تىلىدىكى 〈ئاشلىق ئامبىرى〉 مەنىسىنى بېرىدىغان 〈仓库〉 دىكى 〈仓〉 دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن» دەپ ئىزاھلىغان (خەنزۇچە نەشرى، 134- بەت). بىزنىڭچە، بۇ ئىزاھقا گۇمان بىلەن قاراشقا بولىدۇ. «ساڭ» غا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**ساكتۇر** [仓吐尔] ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامى. «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 90 ـ بەت) دە: «ئاشلىق ئامبىرى دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ»، «ئىلگىرى بۇ جاي ئاشلىق قويىدىغان گېرەم (گەمە، ئورا ـ ئا) ئىدى، شۇڭا شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بىزنىڭچە، بۇ قاراشتا گۇمانىمىز بار. «ساك» ۋە «تۇر» سۆزلىرى ئايرىم-ئايرىم خاسلىقتا ئىكە. قارىغاندا، «تۇر» نامى «ساك» نامىغا بېقىنىپ كەلگەن، «ساك» نامى بولسا، «تۇر» نامىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەنلىكىدە شۈبھە يوق. ئۇنداقتا، بۇ نامنىڭ دەۋرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «ساك» قا قاراڭ.

**ساۋەن** [沙弯] تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. ماناس دەرياسى بۇ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئاقىدۇ. بۇ دەريانىڭ جەنۇبى ئىلگىرى كەڭ سايلىق (قۇمساللىق) بولۇپ، ئىلگىرى بۇ جاي «ساي ئەگىم» (گايىدا «ساي توقاي») دەپ ئاتالغانىدى. خەنزۇ تىلىدا مۇشۇ نام « 沙弯 » دەپ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمە قىلىنغاندىن بۇيان، «ساۋەن» دەپ ئاتىلىپ كېلىنمەكتە («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل 3 ـ سان، 42 ـ بەت). نيۇروچېن ئەپەندى بۇ نامنى «دەريا ئېقىنىنىڭ شېغىللىق بولۇشى بىلەن شۇنداق ئاتالغان» («شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە، 147 ـ بەت)، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ قاراشنىڭ ئىلمىيلىكى يوق.

**سايرام** [赛里木(赛喇木?)] بۇ نامدا ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار. ئۇنىڭ بىرى، بورتالا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چوڭ كۆلنىڭ نامى. يەنە بىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يېزا نامى. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولغان « 赛里木 » سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىنى خەنزۇچىغا ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمە قىلىش قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدۇ. «غەر-

بىي يۇرتىنىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ، «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلەردە بىردەك « 赛喇木 » دەپ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى قىلىنغان. بۇ سايرام سۆزىنىڭ ئاھاڭىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى «سايرام» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلاي-دۇ:«سايرام سۇۋ-تېيىز سۇ» . «تېيىز» چوڭقۇرنىڭ ئەكسى «دوڭ» مەنىسىدە. بۇ يەردىكى «دۆڭدىكى سۇ» دېگەن مەنىدە. باي ناھىيىسىد-كى «سايرام» نامى بولسا، بۇ جاي قارا سۇ دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قارا سۇ دەرياسىنىڭ مۇزئارت دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ۋادىسىدا، سۇ يېغىلىپ ئاقاقچقا، «سايرام» دەپ ئاتالغان ھەم بۇ يەردە بىنا بولغان يېزىغا «سايرام» نامى بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچە-لىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 42- بەت).

**سەمەن** [色满] قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر يېزا ھەم مەھەللىنىڭ نامى. پەيزاۋات ناھىيىسىدىمۇ «سەمەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار. «قەشقەر ۋىلايىتى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئالدىدىكى «سەمەن» نامى «سەھەرمەن» دەپ، كېيىنكى ئىككى «سەمەن» نامىنىڭ بىرى «باغ كۆپ» دەپ، يەنە بىرى «سۈيى كۆپ» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4-سان، 68- بەتكە قاراڭ). ئەسلىدە «سەمەن» سۆزى ئاق، سېرىق رەڭلىك خۇش پۇراق گۈل - «ياسمىن» (يا سەمەن) نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ جايغا سەمەن كۆپ تېرىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر «سەرمەنزىل» (يولۇچىلارنىڭ بىرىنچى قونالغۇسى) سۆزىد-دىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4- سان، 68- بەت). لېكىن، بىزنىڭچە، يەنىلا ئالدىنقى قاراشنىڭ توغرىلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

**سوزاق** [索扎克(?)] قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدى-كى بىر يېزا نامى. بۇ يېزا «يۇقىرىقى سوزاق» ، «تۆۋەنكى سوزاق»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «قەشقەر ۋىلايىتى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە فونېتىكا جەھەتتىن يېقىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق «سوزاق» بىلەن «سۇغا ئۇزاق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلۇپ، «سۇغا ئۇزاق دېمەكتۇر» دەپ تەبىر بېرىلگەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4-سان، 66- بەت). «سوزاق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يېزا، كەنت»، «كوچا-كوي»، «مەھەللە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**سوغانلىق** [索岗勒克] ئۈنسۇ ناھىيىسىدىكى بىر مۇزلۇقنىڭ نامى، يەنى «سوغانلىق مۇزلۇقى». مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىنىشىچە، «سوغان» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بوغما يىلان» نىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇندىن باشقا «سوغان» سۆزى يەنە «غولپىياز» نىڭ نامىنىمۇ كۆرسىتىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا لۇغىتى»، 251- بەتكە قاراڭ). «سوغان» ياكى «ساغان» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**سوغۇلۇق** [索古鲁克] قەشقەر كوناشەھەر ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. «سوغۇلۇق» نامى ھەققىدە بىرەر ئېنىق ماتېرىيالغا ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەبىرىگىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. دېمەك، بۇ نام ھەققىدە بىرەر قاراش يوق. بىزنىڭچە، «سوغۇلۇق» نامى «سوغۇلاق» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «سوغۇلۇق» نامى «سوغلاق» نامىنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىياتى بولۇپ، ئەسلىدە «سوغدى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمكى خەلقلەرنىڭ نامى ئىدى. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ شۇئىسىدە «سوغدى» نامى «سوغلاق» مۇ دېيىلىدۇ. «سۇلۇق» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**سومۇق ساي** [苏木克萨依] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «سومۇق» سۆزىنى «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر تىلىدا زەمچە دېگەن مەنىدە» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 188- بەت) دەپ ئىزاھلانغان.

**سومى** [索米] خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «سومى» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق تەبىر يوق. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «سومى» نامى ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق يەر نامى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات-لاردا بۇ نام ئۇدۇن بۇددىستلىرى دەۋرىدىكى بىر مەشھۇر ئىبادەتخانىنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى قەدىمكى يادىكار-لىقلاردا مۇشۇ نامغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان بىر سۆز خاس ئىسىم سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مىلادى 412- يىلى خوتەنگە كەلگەن راھىب فاشە-يەن «بۇددىزىم ئەللەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە خوتەندىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە بۇ ئىبادەتخانىنىڭ نامىنى «ۋاڭشىن» ( 王新 ) دەپ ئاتايدۇ (گوپېڭ ئىزاھلىغان [فاشيەن] «بۇددىزىم ئەللەر خاتىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 11- بەت). ئەمما ئۇنىڭدىن ئىككى يېرىم ئەسىر كېيىن كەلگەن شۈەنزاڭ بۇ ئىبادەتخانە-نىڭ نامىنى «سومورو» (婆摩若) دەپ ئاتايدۇ (لى شيەنلىن ئىزاھلە-غان [شۈەن زاڭ] «〈ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى〉 نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە نەشرى، 1019- بەت). «سومورو» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە سانسكرت تىلىدىكى «ساماجنا» (samajna) سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولۇپ، قەدىمكى تىبەت تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «سومانا» دەپ يېزىلغان (يۇقىرىقى كىتاب، 1021- بەت). ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئەپەندى «قەدىمكى خو-تەن» دېگەن ئەسىرىدە بۇ جاينىڭ ئورنىنى خوتەننىڭ غەربىي جەنۇب-دىكى ياۋتوگاڭ (姚头岗) نىڭ غەربىدىن بىر مىل چاقىرىم يىراقلىقتىكى «سومىيا» (somiya) كەنتىدە، دەپ كۆرسىتىدۇ (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 30- بەت). ستەيىن كۆرسەتكەن «somiya» كەنتى ھازىرقى «somi» مۇ قانداق؟ ئېھتىمال «ya» فونېملىرى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى تىبەتچە ھۆج-جەتلەردىكى «somana» نامى «سومىيا» (somiya) غا ئۆزگەرگەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنداقتا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان «سوما» (soma)، «سوماچى» (somaci) ناملىرىنى (خاس نام، يەنى كىشى ئىسمى) قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇنداق كىشى ناملىرىمۇ تىبەت تىلىدىكى «somana» بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى پارچە ھۆججەتتە بۇ ئىسملار ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىرىدە «buni san man tan uq som—a—ning ol» (مەنىسى: بۇ ئىمزا مەن گۇۋاھچى سومانىڭ) دېيىلسە، يەنە بىرىدە «tanuq ours tanuq soma ai» (مەنىسى: گۇۋاھچى ئۇرۇس، گۇۋاھ-چى سوماچى) دېيىلگەن (لى جىڭۋېي «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقى-قات»، خەنزۇچە نەشرى، 22-، 31- بەتلەرگە قاراڭ). بۇ، يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا نېمە مەنە بېرىدىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ ئىسملارنىڭ ھەممە-سى بۇددىزم دەۋرىدىكى كىشى ئىسملىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئىسملار بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ، يەنى سانسكرىتچە ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، شۇ،ن زاڭ خاتىرىسىدىكى «سومانا» بىلەن ھازىرقى «سومى» بىرجاي. ئەمما، ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-مەتئىمىن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، فاشيەننىڭ خاتىرىسىدىكى بىسارا (ئا-بادەتخانا) نامى، (يەنى 王新) «سومانا» بىلەن بىر جاي ئەمەس (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 98-بەت). «سومانا» سۆزىدىكى «نا» خوتەن ساك تىلىدا «ئەل، زېمىن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «سوما(نا)» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سوما(چى)» بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ.

**سوغان** [苏干] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «سوغان» بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «غولپىياز» نىڭ نامى بولغان «سوغان» بولسا كېرەك. («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 251- بەت). «سوغانلىق» قا قاراڭ.

**سۇغۇن** [八盘水磨（苏浑？）] ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «سۇغۇن» نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى خاتا. توغرىسى «苏浑» بولۇشى كېرەك. بىزنىڭچە «سۇغۇن» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «غولپىياز» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «سوغۇن» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئەمما «سوغۇن» سۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «پىياز» دەپ بېرىلگەن تەبىرىدىن باشقا، يەنە «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، «سوغۇن» سۆزى يەنە «تاغ ئۆچكىسى»، «تاغ تېكىسى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بېرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 251- بەت). بىزنىڭچە، كېيىنكى بىر مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» دىن قارىغاندا، «سۇغۇن» سۆزى «كېيىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ (يۇقىرىقى كىتاب، 255-بەت). دېمەك، «سۇغۇن» نامى «تاغ ئۆچكىسى، تاغ تېكىسى» ياكى «كېيىك» مەنىسىدە كېلىۋاتىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە «تاغ تېكىسى» بىلەن «كېيىك» نىڭ پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاتالمىغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى تەبىر يەنىلا بىر دەكلىككە ئىگە بولسا كېرەك.

**سۇلۇق** [苏鲁克] قەشقەر كوناشەھەر، ئاقتۇ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدىكى كەنت، مەھەللە نامى. «سۇلۇق» نامى «سۇيى كۆپ، مۇنبەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى «سۇلۇق» نامى بۇ مەنىنى بىلدۈرەلمەيدۇ. 1966- يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى» نىڭ 138-، 139- بۆلىكىدە بۇ نام «سۇللۇغ» دەپ كۆرسىتىلگەن. «تۈركى تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بۇ نامنى «سۇللاغ» دەپ كۆرسىتىدۇ (شۇ كىتاب، 1-توم، 606- بەت). دېمەك، «سۇلۇق» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى «سۇللاغ» بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 606-بەتتە بۇ نامنى تىلغا ئېلىپ، «سۇللاغ. بىر يەرنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ «سۇللاغ» نامىنىڭ «سۇلۇق» (سۇيى كۆپ) مەنىسىدە ئەمەسلە-

www.uyghurkitap.com



كىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى « 疏勒 » نامى دەل
مۇشۇ «سۇللاغ — سۇلۇق» نامى ئىدى. هازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرى-
دىن قارىغاندا، «سۇللاغ» نامى «سوغدى» خەلقىنىڭ نامىدىن كەلگەن
بولۇپ، «سوغلاق» ياكى «سوغداق» مۇ دېيىلىدۇ. سوغدى تىلىدا «ل»
تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش هادىسىسى بار. سوغدى
تىلىنىڭ بىر شېۋىسىدە بۇ مىللەت نامى «سوغداق» دېيىلسە، قەشقەر
ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ شېۋىسىدە «سوغلاق» دېيىلىدۇ («شىن-
جاڭ تەزكىرىچىلىكى»ژۇرنىلى، 1996- يىل 1- سان، 102- بەت).

**سۆرۈن** [索润] قۇمۇل شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ
نامى. بىزنىڭچە، بۇ سۆز «هاۋاسى سالقىن» دېگەن مەنىدىكى «سۆرۈن»
سۆزى بولۇشى مۇمكىن. باشقىدىن ئىزدىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. «سۆرۈن-
لۈك» كە قاراڭ.

**سۆرۈنلۈك** [虽尔(索润?)勒克] كۇچا ناهىيىسىدى-
كى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق چۈشەندۈ-
رۈشكە بولسا كېرەك. «سۆرۈن» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا «سەت، كۆرۈمسىز،
يېقىمسىز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە «هاۋاسى سال-
قىن» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەنىسى «هاۋاسى ياخشى جاي ياكى
هاۋاسى سالقىن جاي، كۈن نۇرى ئانچە چۈشمەيدىغان جاي» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

**سېرىم** [斯日木] پوسكام ناهىيىسىنىڭ كۆيباغ يېزى-
سىدىكى كەنت نامى. «سېرىم» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى «سارىم» بولسا
كېرەك. ئەگەر بۇ قاراش توغرا دېيىلسە، سۇلتان ماھمۇت ئەپەندىنىڭ
«تۈركى تىللار دىۋانى» (1- توم، 516- بەت) تىن ئالغان ئىزاهىنى
توغرا دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «سارىم. سۇز-
گۈچ. ئۈژۈم ۋە كوزىغا ئوخشاش قاچىلاردىكى ئىچىملىكنى سۈزۈپ
قويۇش ئۈچۈن، شۇ قاچىلارنىڭ ئاغزىغا باغلانغان يىپەك سۇزگۈچ.»
(سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 87-

بەت). لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە «سېرىم» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سارىم» بولمىسا كېرەك ھەم شۇ جاينىڭ «سۈزگۈچ» مەنىسىنى بېرىدىغان «سارىم» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. «سېرىم» نامى «سېرىم يەر» مەنىسىدە كەلسە كېرەك.

**سېگە داشمان** [斯开达西曼] كىرىيە ناھىيىسىدىكى يەر نامى. ئەسلىسى «سۆكۈداشمان» بولۇپ، «تۆۋەنكى داشمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «داش» قا قاراڭ.

**سىڭگىم** [胜金] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى. «سىڭگىم» نامى جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ھەر خىل خەتلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. «غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە « 僧尼木 » دەپ، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» دا « 色更木 » دەپ، «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە « 胜金 » دەپ، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە « 森尼木 » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. سىن جوڭمىيەن ئەپەندى «سىڭگىم» نامىدىكى «گىم gim» نى «چىقتىم» نامىدىكى «تىم tim» بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ(سىن جوڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 711- بەت). بۇ قاراش مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتە «سىڭگىك كۆلى» (singgik kol)، «سىڭگەك» (sing gak) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئېقىن بىلەن جاي نامى تىلغا ئېلىنىدۇ (لى جىڭۋېي «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 237-، 239- بەت). بۇ ئىككى ئاتاش چوقۇم ھازىرقى «سىڭگىم» نامىنىڭ دەل ئۆزى بولسا كېرەك. بۇ ھۆججەتتىكى «singgik» بىلەن «singgak» نىڭ ئارىلىقىدا چوڭ پەرق يوق. بىزنىڭچە، ئالدىنقىسى توغرا يېزىلغان، كېيىنكىسىنىڭ 5- تاۋۇشى «ئە a» خاتا يېزىلىپ قالغان

بولۇشى مۇمكىن. ھەرگىز ئىككى جاينىڭ نامى ئەمەس. بۇ نامنىڭ ئارقىسىدىكى «كۆل، ئۇلۇغ كۆل» سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئەسلى شۇ جايدىكى بىر ئېقىننى (دەريا ـ ئا) كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قارىشىمىزنى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى «سىڭگىم سۇ بېشىنىڭ (يەرنىڭ نامى ـ ئا) شىمالى (غەربىي شىمال تەرىپى بولۇشى كېرەك ـ ئا) دىن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. غەرب تەرىپى (بۇ بايان خاتا بولۇپ قالغان، شەرق تەرىپى بولۇشى كېرەك ـ ئا) دىن پىچان شەھىرىدىگە 135 چاقىرىم كېلىدۇ. (سىڭگىم) شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن بىر دەريا جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ» (سىن جوڭمىيەننىڭ نەقلى، يۇقىرىدىكى قىدەك) دېگەن باياننى دەلىللەيدۇ. «تۇرپان شەھىرى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «سىڭگىم» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قارا يۈزنىڭ سۈيىنى لۈكچۈنگە باشلاپ كەلمەكچى بولغانلىقىدەك رىۋايەتكە باغلاپ، ھازىرقى سىڭگىمگە كەلگەندە، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ بۇ جاينى «سىڭگەن» دەپ ئاتىغان، بۇ نام شۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ تەبىر بەرگەن (شۇ كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 105 ـ بەت). بۇ خاتا قاراش، ھەتتا «قاراش» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، «سىڭگىم» نامىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى «سىڭگىك» بولۇپ، بۇ نامنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش تەس. يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاغ تۇتاشمىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈردىغان «سىڭ» سۆزىنى («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 269 ـ بەت) ئاساسىي نام قىلغانمىكىن، چۈنكى يالقۇنتاغ سىڭگىمدە ناھايىتى ئۇزۇن تاغ تۇتاشمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

**سىڭگىرتاغ** [辛格尔塔格山] توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى ۋە تۇرپان شەھىرىدىكى تاغ نامى. بۇ نامدىكى «سىڭگىر» سۆزىنىڭ «تاغ» سۆزىگە سۈپەت بولۇپ كەلگەنلىكى ئېنىق. «توقسۇن ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى،

202-، 203- بەتلەر) ۋە «تۇرپان شەھىرى يەر نامىلرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (تۇرپان شەھىرىدە بۇ نام سىڭگىر تاش تاغ دېيىلىدۇ، خەنزۇچە نەشرى، 181- بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى، 248- بەت) لەردە «سىڭگىر» سۆزىنى «سىڭگىر تاش» تىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھلىغان. بىزنىڭچە، «سىڭگىر» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەڭگىر» سۆزىدىنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3- توم، 469- بەتتە «سەڭگىر» سۆزىنى ئىزاھلاپ، « sangir سەڭگىر. تاغ تۇمشۇقى، تاغ قاڭشىرى ھەرقانداق تاغ قىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دېيىلگەن. ھازىرقى زامان قۇمۇل شىۋىسىدە بۇ سۆز «سىڭگىر» شەكلىدە ساقلانغان بولۇپ، ئوخشاشلا «بۇرجەك، دوقمۇش، تۆت كوچا ئېغىزى» دېگەن مەنىلەر (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 167- بەت). «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3- توم، 513- بەتتە يەنە «سىڭار» سۆزى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا «singar سىڭار تەرەپ، چەت، يان» دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، بۇ نام «ئۇچلۇق تاغ»، «بۇرجەك تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن ياكى «يان، چەت، ياقا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن.

**سىنتاش** [森塔斯] چىڭگىل، جېمىنەي، چاغانتوقاي، موڭغۇلكۈرە، گۇچۇڭ، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى كەنت، ساي نامى. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ جايلاردىكى تاغ-جىرالاردىكى تاشلاردىن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئويۇپ، چېكىپ قالدۇرۇپ كەتكەن تاش رەسىملىرى (سىنتاشلىرى) بار. «سىنتاش دېگىنىمىز — بالبال (تاش ھەيكەل ـ ئا) نىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ بالباللارغا قارىغاندا كىچىك، ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددىي. ئادەتتە ھەر خىل تەبىئىي تاش ماتېرىياللىرىنى ئانچە سىلىقلىمايلا، ئادەمنىڭ باش قىسمى (قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن، بۇرۇت قاتارلىقلار) نىڭ ئىزناسىنى ئاددىي سىزىقلار بىلەن ئويۇپ (چېكىپ) ياسالغان» تاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەسىم (ياكى تاش ھەيكەل) لەردۇر.

**سىيەك** [斯也克] كىرىيە، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، ئونسۇ ناھىيىلىرىدىكى يېزا ۋە كەنت نامى. بەزىلەرنىڭ تەبىرىدىن قارىغاندا، «سىيەك» نامى «سېھىيەك» (ئۇچتىن بىر) سۆزىدىن ئۆزگەر-گەن، قوم كۆچۈپ يەنى قۇم بېسىپ كېتىپ، ھوسۇل كەملەپ كەتكەچكە شۇنداق ئاتالغان، «ئۇچتىن بىرى» ئىجارىگە بېرىلىدىغان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەدرەك» سۆزىنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى «سىيرەك» (شالاڭ) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. بۇ جايدا يەر تولا، ئاھالە سىيرەك بولغاچقا، «سىيەك» ئاتالغان، دەپ قارايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «سەدرەك بۆز» (شالاڭ بۆز) سۆزىدىن باشقا، «سەدرەك قابۇغ» (چاخسا قوۋۇق-ئىشىك) دېگەن سۆزمۇ مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-يىل 3-سان، 42- بەت).

## ش

**شارسالا** [夏尔萨拉] شىخو ناھىيىسىدىكى بىر كەنت-نىڭ نامى. «شارسالا» موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، موڭغۇل تىلىدا «شار» سۆزى «سېرىق» دېگەن مەنىنى، «سالا» سۆزى «جىلغا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شارسالا» نامى «سېرىق جىلغا» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مەنە ئۇنىڭ مەنزىرىسىگە قارىتا ئېيتىلغان.

**شارمودۇن** [夏尔莫敦] خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «شارمودۇن» نامى موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، موڭغۇل تىلىدا «شار» سۆزى «سېرىق» دېگەن مەنىنى، «مودۇن» سۆزى «دەرەخ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاپچى** [夏普其] يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى.

بۇ نام «شاپ» ۋە «چى» دىن ئىبارەت بىر ئىسىم ۋە بىر قوشۇمچىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «شاپ» بىر خىل ئوتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، «شاپچى» دېگەن بۇ نام «شاپ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوتنى ساتقۇچى ياكى ئۆستۈرگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شاپكۆل» گە قاراڭ.

**شاپكۆل** [夏普库勒] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى يەر نامى. بۇ يەر نامىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى، يەنى «شاپ» سۆزى نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا «شاپ» سۆزىنى ئاساسىي يىلتىز قىلىپ، ئاخىرقى بوغۇمى باش بوغۇمىنى ئىزاھلايدىغان يەر ناملىرىدىن بىر نەچچىسى بار. بۇ يەر ناملىرىدىكى «شاپ» سۆزى بىر خىل ئوتنىڭ نامى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 212- بەتتە «شاپ xap» سۆزىنى «ئۇشلەڭگە ئوخشاش بىر خىل ئوت» دەپ ئىزاھلىغان. دېمەك «شاپ» سۆزىنى ئاساسىي يىلتىز قىلىپ تۈزۈلگەن يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ خىل ئوتنىڭ نامىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. «شاپكۆل» دېگەن بۇ يەر نامى ئەتراپىنى «شاپ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت قاپلاپ تۇرغان كۆلنى كۆرسەتسە كېرەك.

**شاپلىق** [夏浦(普?)勒克] مەكىت، چاقىلىق ناھىيىلىرىدىكى كەنت، نۇقتا نامى. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «شاپلىق» نامىدىكى «شاپ» سۆزى بىرخىل ئوتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. «چاقىلىق ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «شاپلىق» نامىنى «شاپ (دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت) ئۆسىدىغان جاي» دەپ ناھايىتى توغرا تەبىر بەرگەن (شۇ كىتاب، 177- بەت). «شاپكۆل» گە قاراڭ.

**شاپلىق** [夏普勒克] كورلا شەھىرى ۋە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نامىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «شاپلىق». كېيىن «شاپىلىق» قا ئۆزگەرگەن. بۇ ئېيتىلىشتىكى خاتالىق. «شاپلىق» قا قاراڭ.

**شايار** [沙雅(尔?)] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(شەھەر) نىڭ نامى. «شايار» نامى ھەققىدە مۇكەممەل قاراش يوق. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەبىرىدىن قارىغاندا، «شا» (沙) قەبىلە باشلىقىنى، «يار» (雅) ئىچىنىماق دېگەنلىك بولۇپ، قەبىلە باشلىقىنىڭ ئىچىنىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 135- بەت). يۇۋېيچىڭ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىقى قاراشقا مايىل ھالدا «قەبىلە باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بولغان ئىچ ئاغرىتىشى ياكى كۆڭۈل بۆلۈشى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 63- بەت). بىراق، بۇ تەبىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ يەر نامىنىڭ تىل تەۋەلىكى ئايرىلمىغان. بىزنىڭچە، بۇ نام ساپ ئۇيغۇرچە نام بولۇشى مۇمكىن. «شايار» سۆزىدىكى «شا» قانداقتۇ مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ باشلىقىنى كۆرسەتمەستىن، ئېھتىمال «شەھەر» سۆزى بولسا كېرەك. ئەسلى تولۇق نامى «شەھرى يار» بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا «شايار» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

**شەخشۇ** [小合舒(?)] قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «چاخشۇ» بولۇپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 552- بەتتە «چاخشۇ. كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت» دېگەن مەنىدە كەلگەن (سۇلتان ماموت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 16- بەت).

**شوتا (شات)** [夏特] موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. «شوتا» نامى يەنە باشقا جايلاردىمۇ ئۇچرايدۇ: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى «شوتا كەنتى»، «شوتا جاڭگال»، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى «شوتالىق ئېقىنى»، كورلا شەھرىگە قاراشلىق «شوتا باغ» قاتارلىقلار. قۇربان رەخىم ئەپەندىنىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى «شوتا» نامى شوتا يېزىسىدىكى ئىككى مۇھىم ئورۇن (ئۆتكەل – ئا) غا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، جەنۇبىي

شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا چىققان يولۇچىلار نامى مەشھۇر مۇز داۋانغا كەلگەندە، شوتىغا ئوخشاش ياسالغان 70 ~ 80 پەلەكلىك مۇز يول ئارقىلىق داۋانغا ئۆرلەيدۇ. يەنە بىرى، يولۇچىلار شوتا پەلەكتە قارىغاي قويۇپ ياسالغان 20 ~ 30 پەلەكتىن چىقىپ، شوتا بۇلاق ئاغزىغا كېلەيدۇ. ئىلى رايونىدىن بۇ يول ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدىغانلارمۇ ئەشۇ شوتىغا ئوخشاش ياسالغان پەلەكلەردىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ. شۇڭا بۇ جاي يولۇچىلار تەرىپىدىن «شوتا پەلەك» ، «شوتا بۇلاق»، «شوتا ئاغزى»، «شوتا دەرياسى» قاتارلىق ناملارنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇشۇ ئىككى ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك «شوتا» نامى بىلەن ئاتالغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1992- يىل 2-سان، 47- بەت).

**شورياداش** [硝亚尔达希] توقسۇ ناھىيىسى يۇلتۇز باغ يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر كۆلنىڭ نامى. «داش» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆل، كۆلچەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شورياداش» دېگەن بۇ نامدىن قارىغاندا، بۇ كۆلنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولۇپ، ئەتراپى يارلىق، بۇ يارلىقمۇ شورلۇق يەر بولسا كېرەك. مەنىسى «شورلۇق ياردىكى كۆل» ياكى «شورلۇق كۆل» دېگەنلىك بولىدۇ.

**شىخەنزە** [石河子] شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، «شىخەنزە» نامى خەنزۇ تىلىدىكى « 石河子 » (ئۇيغۇر تىلىغا بەزى ھاللاردا «تاشئېرىق» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ) نامدىن كەلگەن. « 石河子 » نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەسلى شەھەرنىڭ غەربىدىكى بىر كۆل بىلەن (دەريا ئېقىنى) مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ جايدا تاش ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**شىخو** [乌苏（西湖？）] تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «شىخو» دېگەن نام ئىلگىرى موڭغۇل تىلىدا «كۆيتۈڭ» دەرياسىنى ئاساس قىلغان ھالدا «كۆر قارا ئۇسۇۋ» (库尔喀喇乌苏) دەپ ئاتالغان بولۇپ، «كۆر» سۆزى «قارا»

مەنىسىنى، «قارا ئۇسۇۋ» سۆزى «قارا سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996- يىل 3-سان، 43- بەت). ئەمما بۇ يەردىكى «كۇر» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «قار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمىي مەنىسى «قارلىق جاي (دالا) دىكى قارا سۇ (ئېقىن)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شىخو» نامى بولسا، خەنزۇلارنىڭ ماناسنىڭ غەربىدىكى كۆللەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «西湖» دەپ ئاتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. دەريانىڭ غەربىدە بىنا قىلىنغان يۇرتنى يەرلىك ئاھالە شۇ نام بىلەن ئاتىغان. خەنزۇ تىلىدا «كۇر قارا ئۇسۇۋ» قىسقارتىلىپ، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «قارا سۇ» («قارا ئۇسۇۋ») مەنىسىنى بېرىدىغان «乌苏» بىلەن (دەريا، ئېقىن دېگەن مەنىدە) ئاتالغان.

**شىراق** [希热克] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «شىراق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە بىرەر قاراش يوق. ئەمما «شىراق» سۆزىنىڭ بەرگەن ئۇقۇمىدىن قارىغاندا، ئاچا جاي بولسا كېرەك. «مىلتىقنى ئاتىدىغان چاغدا، تىرەپ تۇرىدىغان ئاچا ياغاچ» (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 179- بەت) «شىراق» دېيىلىدۇ. دېمەك، ئاچا ياغاچ «شىراق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «شىراق» نامى ئاچا ياكى ئاچا ياغاچ ۋە ياكى ئاچا جاي (ئىككى يول قوشۇلغان جاي) دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك.

**شىرەم** [西热木] تۇرپان شەھرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «شىرەم» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «تۇرپان شەھرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 45- بەت) دە «شىرەم، ئۇيغۇر تىلىدا نەم (زەي) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. بىزنىڭچە، «شىرەم» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شىرام» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز. «شىرام» سۆزى «ئورۇن، ئارامگاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شىرەم» نامى «ئارامگاھ» دېگەنلىك بولسا كېرەك («شىرام» سۆزىگە بېرىلگەن تەبىرنى غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار

ئۆزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 394-بەتتىن كۆرۈڭ).

## غ

**غادراڭ** [阿德浪] خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. كېرىيە ناھىيىسىدە مۇشۇ نامغا يېقىن كېلىدىغان «ئادىراك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر نامى بار. يەنە بۇگۇر ناھىيىسىدە «غاپىراك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنىڭ نامى بار. «بۇگۇر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە، 134- بەت) دە «غاپىراك بۇلاق» نامىغا مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «〈غاپىراك〉 ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىشى ئىسمى 〈غاپار〉 دۇر، خېلى بۇرۇنلا بۇلاق ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان». بۇ نام ھەققىدە ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن. «غادراڭ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاترۇن» (قاتتىق يەر، يەنى دەريا بويىي قۇملۇق لاتقا لۆم-لۆم بولۇپ، ئۇ يەردىن چىقسا قاتتىق يەر) دىن ئۆزگىرىپ «غادرۇن» — «غادراڭ» بولۇپ ئۆزلەشكەن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996- يىل 3-سان، 43-بەت).

**غۇلجا** [伊宁(固勒札?)] ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى شەھرىنىڭ نامى. كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىكى ناھىيىنىڭ نامىمۇ شۇ نامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاتالغان. ئەسلى بىرغول (ئېقىن) نىڭ نامى. بۇ نام ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئەمەلىيەتتە ھازىر «غۇلجا» دەپ ئاتىلىۋاتقان شەھەرنىڭ قەدىمكى نامى «مىڭلاق» ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا نامىمۇ «ئىلى» نامىدىن باشقا يەنە «مىڭلاق سۇيى» دەپمۇ ئاتالغانىدى. بەزىلەر «غۇلجا» سۆزىنى مىلادى 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى موڭغۇللارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ھەم «ئالتۇن سۇمە» (ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا) نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



موڭغۇلچە ئاتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «غۇلجا — تاغ قوشقىرى» دەپ ئاتىلىشتىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 4-سان، 67- بەت). ئۇندىن باشقا، غۇلجا ئەتراپىدا بۆلۈكەي، جىرغىلاڭ، پىلىچى قاتارلىق 12 غول بولغانلىقى ئۈچۈن «غولجاي» دەپ ئاتالغان، بۇ نام كېيىن «غۇلجا» غا ئۆزگەرگەن (غوجا ئەخمەت ئەخمەت «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار»، ئۇيغۇرچە، 125-بەت) دەيدىغان قاراشمۇ بار. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «جىرغىلاڭ غول» ئىلگىرى «غۇلجا»، «پىلىچى» بولسا «بولجا» دەپ ئاتالغان. «تەۋارىخى خەمسە» دە يېزىلىشىچە: «... ھۆكۈمەت قالغان قالماقلارنى بۆلەكلەپ، بىر بۆلىكىنى غۇلجىغا، بىر ئۆلۈشىنى بولجاغا ماكانلاشتۇرغان». دېمەك، بۇ ناملار دەريا-غول ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 43- بەت).

**غۇلجا ناھىيىسى** [伊宁县] ئىلى ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ ناھىيىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى «伊» خېتى «ئىلى» (伊犁) ئاتالغۇسىدىكى «伊» خېتى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ رايونغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا «伊» خېتى ئىشلىتىلگەن. «宁» خېتى بولسا، ئوخشاشلا «غۇلجا شەھىرى» مەنىسىنى بېرىدىغان «伊宁» ئاتالغۇسىدىكى «宁» خېتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خەتنىڭ ئىچىدىكى «伊» خېتى خەن سۇلالىسىدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان «伊利» دىكى «伊» خېتى؛ «宁» خېتى بولسا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان ئىلىدىكى مەشھۇر 9 قەلئەنىڭ بىرى بولغان «نىڭيۈەن» (宁远) شەھىرىنىڭ نامىدىكى «宁» خېتى بولۇپ، بۇ، خەنزۇلارنىڭ يېزىق ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا «غۇلجا ناھىيىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاينىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان خەن-

زۇچە نامى توغرا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام ئىلى ۋىلايىتىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئورتاق ئەمەس، كۆپچىلىك كىشىلەر بۇ ناھىيىنىڭ نامىنى «جىڭلىيۈزى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. مۇنداق بولغاندا، بۇ ناھىيىنىڭ نامى خاسلىقىنى قالماستىن، بەلكى مەنە دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتكىلى بولاتتى (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 260-، 261- بەتلەر).

## ف

**فۇكاڭ** [阜康] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ خەنزۇچە نام، مەنىسى «خەلقى ساغلام، باياشات» دېگەنلىك بولىدۇ.

## ق

**قابا** [哈巴河] ئالتاي ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «قابا» نامى «قابا» دەپ ئاتىلىدىغان دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن. تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «قابا» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. نيۇرۇچېن ئەپەندى «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسىرىدە «قابا» نامىنى موڭغۇلچە «قاربا بېلىقى» (يەنى كارپ بېلىقى) نىڭ نامىدىن كەلگەن (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 148-، 149- بەتلەر) دەپ قارايدۇ. نىياز كېرىمى ئەپەندى «قابا-قابان(قاۋان)» دۇر دەپ قارايدۇ. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1998- يىل 30- ئىيۇن). بۇ ھەقتە تېخى ئېنىق پاكىت يوق. يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**قاپچىغاي** [哈布其盖] توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نامى. «قاپچىغاي» دېگەن بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ئاقسۇ شىۋىسىدە «كارىدور؛ ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۆزۈن كەتكەن تار ئارىلىق» «قاپچىغاي» دەپ ئاتىلىدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 186- بەتكە قاراڭ). دېمەك، قاپچىغاي، قاپچىق، خاپچىغاي دەپ ئاتالغان يەر ناملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۆزۈن كەتكەن تار ئارىلىق» (يەنى «ساي يولى») دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپچىق** [喀布其格(克?)] نىلقا ناھىيىسىدىكى بىر دەريا ۋە بىر كەنتنىڭ نامى. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۆزۈن كەتكەن ئارىلىق» (ساي يولى) دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**قاپسالاڭ** [哈甫萨朗] تېكەس ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. باي ناھىيىسى بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر دەريامۇ «قاپسىلاڭ دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. «قاپسالاڭ» نامى ئەسلىدە موڭغۇل تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن يەر نامى بولسا كېرەك. موڭغۇل تىلىدا «خاپسالا» ياكى «خارسالا» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. «سالا» (جىلغا دېگەن مەنىدە) كېيىنچە «سالاڭ»غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. «تار جىلغا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**قاپشۇق** [喀布什克] جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بىزنىڭچە، بۇ نام ئەسلى «قاپچىق» بولسا كېرەك. ئېھتىمال قازاق تىلىدىكى تەلەپپۇزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «قاپچىق»قا قاراڭ.

**قاپلاڭغول** [喀布朗果勒] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «قاپلاڭغول» نامىنى «ئۈچ جىلغىنىڭ قوشۇلغان جايى» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 25- بەت) دەپ ئىزاھلىغان.

**قاتلىش** [喀特力什(哈特勒什)] چەرچەن ناھىيە-سىدىكى بىر كەنت ۋە بىر نۇقتىنىڭ نامى. بۇ ئىككى يەر نامى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 2 خىل ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بىزنىڭچە، ئالدىنقىسى مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. «قاتلىش» نامى ئەينەن ساق-لانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، «قېتىلىش ياكى قوشۇلۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «قاتلىش» سۆزىگە بەرگەن تەبىرىدىن قارىغاندا، «قاتلىش» سۆزى دەريا (ياكى ئېقىنلار) نىڭ قېتىلىدىغان (ياكى قوشۇ-لىدىغان) يېرىنى كۆرسىتىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 283-بەت). دېمەك، «قاتلىش» دېگەن بۇ نام دەريا (ئېقىن) لارنىڭ قوشۇلغان جايى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاچۇن** [喀群] كېرىيە ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «قاچۇن» نامى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەھلىلىچە، مىلادى 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى «قارا قوۋچىن» ياكى «قوچىن»، «قوچۇن» دەپ ئاتالغان قوۋم ئىدى. بۇلار كېرىيىنىڭ شىمالىدا بوزلۇق ئاچقان، قاراخانىلار ئاچتۇرغان بۇ بوزلۇق «قارا قىيىرى» دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ قوۋم — «قوچۇن»، «قوۋچىن» تەلەپپۇزدا «قاچۇن» بولۇپ كەتكەن. «ھەفتە ئىقلىم» دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا يېزىلىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى ۋە قوشۇننىڭ ئىككىنچى تەبىقە-سى «قوچۇن» — «قۇچىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. شۇنىڭدەك، لوپنوردىمۇ «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قوۋم ياشىغان، بۇلارمۇ «قارا قوچۇن» بولۇشى ئېھتىمال («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-يىل 3-سان، 43-بەت). بىزنىڭچە، قاراخانىلار دەۋرىدە «قارا قوۋچىن» ياكى «قوچىن»، «قوچۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قوۋم بولغان ئەمەس، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا چوقۇم تىلغا ئېلىنغان بولاتتى. شۇڭا بۇ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. تىلنىڭ

فونېتىكا قائىدىسى تەرىپىدىن قارىغاندا، «قوچۇن» ياكى «قوۋچىن» سۆزى «قاچۇن» سۆزىگە ئۆزگىرىشى ھەم «قارا قوشۇن» نىڭمۇ «قارا قوچۇن» غا ئۆزگىرىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەمما بۇنداق قوۋمنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئىمىن تۇرسۇن مىسالغا ئالغان «ھەفتە ئىقلىم» دېگەن ئەسەردىكى قەشقەر ئاھالىسى ۋە قوشۇننىڭ ئىككىنچى تەبىقىسىنىڭ «قوچۇن» - «قوچىن» دەپ ئاتىلىشى ھەققىدە قايتىدىن مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە نامىنىڭ لوپنوردا ياشىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قوۋمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن «قارا قوشۇن» رىۋايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: «ئوغۇزخاننىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان 〈قالاچ〉 كېيىنرەك لوپنور كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق قۇرۇپتۇ. ئۇلار ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە بۈيۈك بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، 〈قارا〉 نى ئۇنۇتقان سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى 〈قارا قوشۇن〉 لۇقلار دەپ ئاتاپتۇ...» (ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، 217- بەت). يەنە بىر رىۋايەتتە، قاراخانىلار خوتەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانلىقى، شۇندىن تارتىپ بۇ جاينىڭ قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ نامى بىلەن «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئېيتىلىدۇ («چاقىلىق تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 1- سان، ئۇيغۇرچە نەشرى، 31- بەت)... بىزنىڭچە، «قارا قوۋچۇن» ياكى «قوچىن»، «قوچۇن» سۆزلىرىنى «قارا قوشۇن» سۆزى بىلەن ئوخشاش ئېتىمولوگىيىگە ئىگە دېيىلسە، ئۇ ھالدا چوقۇم ئالدى بىلەن لوپنور دىئالېكتىكىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قوچىن»، «قوچۇن» سۆزلىرى «قىرچىن» سۆزىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياناتاقنىڭ نامى ئىدى. بۇ ياناتاق يەنە «قارا قىرچىن» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولغاچقا،

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بۇ نام تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ، «قارا قوشۇن» غا ئۆزگەرگەن. «قارا قىرچىن»، «قارا قوشۇن» غا قاراڭ.

**قارا خوجا** [喀拉霍加] تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى يېزا نامى. قەدىمكى دەۋرلەردىكى «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» نىڭ قىشلىق پايتەختى «قوچۇ» نامىدىن كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن «قاراخوجا» دەپ ئاتالغان (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئۇيغۇرچە، 173- بەت؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 43- بەت). خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ جاي «火州» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ «قوجۇ» نامىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى، بىرىنچىدە پارس تىلىدا «خوجايىن»، «ئالىي مەنسەپ»، «دۆلەتمەن» مەنىسىنى بېرىدىغان «خوجا» سۆزى «火州» نىڭ كېيىنكى، يەنى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئاتىلىشى بولسا كېرەك. يەنە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «高昌» سۆزى «قوچۇ» نىڭ دەل ئۆزى، «گاۋچاڭ» ئەمەس. بۇ قاڭقىل مەنىسىنى بېرىدىغان «高昌» سۆزىدىن كەلگەن.

**قارا دۆۋە** [喀拉都维(五堡)] قومۇل شەھىرى، مارالبېشى، ئونسۇ، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىدىكى يېزا، ئوتلاق، كەنت نامى. بۇ نامنى ئايشەم ئەخمەت خانىم «قومۇل» ناملىق ئەسىرىنىڭ 262- بېتىدە «قارلۇق تۆپە» دەپ ئىزاھلىغان. ئۇنداقتا، بۇ تەبىر توغرىمۇ؟ بۇنىڭغا بىرىنچىدە خاتا دەپ جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى «قارلۇق تۆپە» بىلەن «قارا دۆۋە» سۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا فونېتىكىلىق تەرەققىيات يوق. ھازىر بۇ جايدا ئېگىز بىر دۆۋىلىك — تۆپىلىك بار. كىشىلەر بۇ جايغا يىراقتىن قارىغاندا (بۇ جاي ئەسلى قەدىمىي تاش، توپا قورۇلمىلىق قەبرە) ئۇلارغا بىر قەدەر ئېگىزرەك قارا دۆۋە (تۆپىلىك) كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن «قارا دۆۋە» دەپ ئاتالغان.

**قارازاق** [喀拉扎克] قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «قارساق»، «قارازاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



~قارزاق» ئۇنىڭ تەلەپپۇزدىكى بۇزۇلغان شەكلى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 618- بېتىدە ئىزاھلىنىشچە، «قارساق تۈلكە جىنسىغا كىرىدىغان بىر خىل ھايۋان» بولۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**قارا شەھەر** [焉耆(喀喇沙尔)] بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ يەردە ناھىيە قۇرۇلغاندا، قەدىمكى «ئاگنى» خانلىقىنىڭ نامى بولغان « 焉耆 » نى ناھىيە نامى قىلىپ بېكىتكەن. ئەمما «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 80 نەچچە ناھىيە (شەھەر) نامىنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە ئۈچ ناھىيىنىڭ نامىنىڭ ئوقۇلۇشى خاتا. 〈焉耆〉 ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى، ئەمەلىيەتتە 〈耆〉 خېتى (qi) 〈奇〉 دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھازىر (ji) 〈吉〉 ئوقۇلۇۋاتىدۇ، خەنزۇچىدا خاتا ئوقۇلغان بولسا، ئۇيغۇرچىدىمۇ خاتا ئېلىنغان» (يۇۋېيچىك «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 42- بەت). «قارا شەھەر» نامى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر بۇ نامنى «ئۇلۇغ شەھەر»، «بۈيۈك شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئەمما ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «بۇ نام قارا شەھەر بولماستىن، موڭغۇل دەۋرىدە، چاغاتاينىڭ 〈قاراسېر〉 دېگەن قوماندانى 〈ئاگنى〉 (يەنجى) ئەتراپىغا بارگاھ قۇرغان ۋە بۇ يەر قوماندانىنىڭ نامى بىلەن 〈قاراسېر〉 دەپ ئاتالغان» دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 43- بەت).

**قاراقاش** [墨玉(喀拉喀什?)] خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ ۋە بىر دەريانىڭ ئورتاق نامى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ نامى ئەڭ دەسلەپتە «قاراقاش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، «قاراقاش» نامىنىڭ ئۆزى بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا قاشتېشى» (قارا رەڭلىك قاشتېشى) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار

دىۋانى» ، 3 ـ توم، 208 ـ بەتتە: «قاراقاش ئۆگۈز» دېيىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئېقىن (دەريا) نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدىغانلىقىنى ھەم دەريانىڭ شۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. «بۇنداق تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ». دېمەك، «قاراقاش» نامى «سۈزۈك قارا قاشتېشى چىقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، بىر دەريانىڭ نامىدىن چوڭ بىر يۇرتنىڭ نامىغا كۆچۈپ، ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

**قارا قوشۇن** [喀拉喀群] لوپنور، چاقىلىق ناھىيىلىرى تەۋەسىدىكى يەر نامى. «قارا قوشۇن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراش ۋە رىۋايەتلەر بار. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «قارا قوشۇن» ئەينى دەۋردىكى خەلقلەر توپىنىڭ تەبىقە نامى بولۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، قومىلۇقلاردا ئۆسىدىغان ياntaقنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. «قارا قىرچىن» غا قاراڭ.

**قارا قورۇم** [喀喇昆仑] تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە خوتەن ناھىيىلىرىدىكى تاغنىڭ نامى. گۇما ناھىيىسىدىمۇ «قارا قورۇم» تاغ ئېغىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئېگىز، بىپايان، مۇقەددەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «قورۇم» (قۇرۇم) سۆزى بولسا، «قورام تاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 295 ـ بەت). خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان « 昆仑 » نامى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن تىلىدا «جەنۇب تەرەپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن (نيۇروچېن «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 149 ـ بەتكە قاراڭ). لېكىن خەنزۇچە مەنبە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەردىكى « 昆仑 » نامىنىڭ «قارا قورۇم» نامىنىڭ تەرجىمىسى بولغان « 喀喇昆仑 » سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغاچقا، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايلا «كۇئېنلون» دەپ تەرجىمە قىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن بىر تاغ تىزمىسى ئىككى تاغ تىزمىسىغا ئايلىنىپ، ئىككى نام بولۇپ قالدى.

**قاراقىر-قاراقي** [喀拉克尔] خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر يېزا نامى، لوپ ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىدىكى جىلغا نامى. «قارا» سۆزى «كەڭ، يوغان، چوڭ» مەنىسىدە؛ «قىر» ئەسلىدە «قايىر» بولۇپ، تەلەپپۇزدا ئىخچاملىنىپ «قىر» (خوتەن شېۋىسىدە «قي، قى») بولغان؛ ئەسلى سۆزنىڭ مەنىسى «پوپاك يەر» دېگەنلىك بولىدۇ (ئوغۇزلار قۇمنى «قايىر» دەيدۇ). «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 44- بەت.

**قاراقىرچىن** [克拉克勒(喀拉克儿勒?)] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇگۇر ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار (خەنزۇچە تەرجىمىسى « 喀拉克尔钦 » دەپ ئېلىنغان). بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «بۇگۇر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قارا قىرچىن» نامى «توغراق كۆپ ئۆسىدىغان جاي» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 136- بەت). ئەمما «توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قىرچىن» نامىنى «سۆگەت، تال» دەپ ئىزاھلانغان (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 221- بەت). بىزنىڭچە، بۇ تەبىر پۈتۈنلەي خاتا، «قىرچىن» سۆزى «توغراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ھازىر «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىۋاتقان يەر نامىنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، «قارا قىرچىن» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىدە شۇبھە يوق. دېمەك «قارا قىرچىن» نامى بىلەن «قارا قوشۇن» نامى ئوخشاش مەنىگە ئىگە بىر سۆز. «قارا قىرچىن»، «قارا قوشۇن» نامى «كەڭ كەتكەن

توغراقلىق» (ئېھتىمال قۇرۇق توغراقلىق) دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «قارا قوشۇن» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**قارا قىزىل** [喀拉克孜勒] بۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر نەچچە جاي بار. ئۇلار: توقسۇن، مىچۈەن ناھىيىلىرىدىكى «قارا قىزىل مەھەللىسى» (خەنزۇچىدا قارا ياغاچلىق جىلغا دېگەن مەنىدە «榆树沟巷» دەپ ئالغان)، خوشۇت ناھىيىسىدىكى «قارا قىزىل تېغى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «قارا قىزىل» نامىدىكى «قىزىل» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «قىسىل» بولۇپ، «ئېدىر»، «تاغ بوغۇزى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «قىسىل» تەلەپپۇزدا «قىزىل» بولۇپ ئومۇملاشقان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل 3 ـ سان، 44 ـ بەت).

**قاراماي** [克拉玛依] جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ نام شۇ زېمىنىنىڭ يەر بايلىقىغا ـ نېفىتكە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە «قارا مايتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغنىڭ نامى ئىدى. «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» دە: «... كىچىك بىر جاينىڭ نامى قارا مايتاغ، دىخۇا (ئۈرۈمچى) بىلەن بولغان ئارىلىقى 680 چاقىرىم كېلىدۇ....» دېيىلىپ، بۇ يەردە نەچچە ماي بۇلىقىنىڭ بايقالغانلىقىنى، چىققان مايىنىڭ قويۇق ھەم قارىلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ («يۈۋېيچېڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت). بۇ يەردىكى «قارا مايتاغ» ئېھتىمال «مايتاغ» بولسا كېرەك. «قاراماي» نامىمۇ مۇشۇ «مايتاغ» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نيۇرۇچېن ئەپەندى «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابى (خەنزۇچە نەشرى، 120 ـ بەت) دا «قاراماي» نامىنى قازاقچە سۆز، دەپ كۆرسىتىدۇ. «قارا، ماي» سۆزلىرى تۈرك تىلىغا خاس سۆز تۇرسا، ئۇنى يەنە قانداقمۇ قازاق سۆزىگە خاس سۆز دېگىلى بولسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**قارا ئېرتىش** [喀拉额尔齐斯] يۇقىرى ئېقىنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، كۆكتوقاي چىگىرىسىدىن چىققاندىن كېيىن «ئېرتىش دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان دەريانىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاتىلىشى. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن (قارا ئېرتىش دەرياسىغا نىسبەتەن ئېيتىلدى) ئېقىپ كېلىدىغان تۆگېن، كۈرتى دەريالىرى بىر ئېقىن بولۇپ كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي چېگرىسىدا قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ ۋە ئېرتىش دەرياسى دەپ ئاتىلىپ يىراق شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. «ئېرتىش» قا قاراڭ.

**قارا ئېمىل** [喀拉也木勒] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى دەريا، كەنت، يېزا نامى. «قارا ئېمىل» ئەسلى «ئېمىل» دەرياسىنى تەشكىل قىلغان ئىككى ئېقىننىڭ بىرى. كېيىن، كەنت، يېزا نامى بولۇپ ئۆزلەشكەن. «ئېمىل» غا قاراڭ.

**قارلۇق** [喀尔鲁克(?)] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە-سىدىكى كەنت نامى. بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بولغان «قارلۇق» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

**قارلۇقۇم (قارلىقۇم)** [喀尔勒库木] قەشقەر يېڭى-شەھەر ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «قارلۇق». قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. «قارلۇق» قا قاراڭ.

**قارلىق** [喀力克] پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدىكى كەنت نامى. «قارلىق» سۆزىنىڭ ئەسلىسى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان «قارلۇق» قەبىلىسىنىڭ نامى.

**قارنتۇرگىن** [喀拉吐尔滚(?)] كۆكتوقاي ناھىيە-سىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «قارا تۇرگۈن» بولسا كېرەك. كېيىنچە، تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن «قارنتۇرگىن» بولۇپ ئۆزگەرگەن، دېيىشكە بولىدۇ. «تۇرگۈن» گە قاراڭ.

**قاز ئېرىق** [喀孜艾日克] پەيزاۋات ناھىيىسى ۋە

قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 204 ـ بەتتە «قاز» سۆزىنى «غاز» دەپ ئىزاھلىغان. ئېھتىمال بۇ نام «غاز ئېرىق» دېگەندىن بولسا كېرەك. (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 86 ـ بەت).

**قاش** [喀什] ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقتىن كېلىدىغان چوڭ تارمىقى (قاش دەرياسى) نىڭ نامى. بۇ يەردىكى بىر كەنتمۇ «قاش» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ (غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا). «قاش» ۋە «قاش دەريا (سۈيى)» ھەققىدە مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق ئىزاھ بېرىدۇ: «قاز سۈيى ئىلا (ئىلى) دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپ (توڭا ئالپ ئەر) نىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 206 ـ بەت). ئۇ يەنە «قاز» نامىنىڭ ئەسلىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قاز. ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، ‹قازۋىن› شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ‹قاز (غاز) ئويۇنى› دۇر، چۈنكى ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى. شۇڭا بەزى تۈركلەر ‹قازۋىن› نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ» (شۇ كىتاب، 204 ـ بەت). مەھمۇد قەشقىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن بۇ رىۋايەتتىن قارىغاندا، «قاز سۈيى» (قاش دەرياسى) بويىغا ئافراسىياپنىڭ قىزى سالغان شەھەر «قازۋىن» ئەسلى كىشى نامى (قاز مەلىكە ـ ئافراسىياپنىڭ قىزى) دىن كەلگەنلىكى مەلۇم.

**قاغىتۇر** [三十里大墩(喀尕吐尔?)] پىچان، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىدىكى يەر نامى. ئەسلىسى «قاغا تۇر» بولۇپ، «قاغا قونغان تۇر» ياكى «قاغىلار ماكانلاشقان تۇر» دېگەن مەنىدە. «تۇر» غا قاراڭ.

**قاغىلىق** [叶城(哈尔噶里克?)] قەشقەر ۋىلايىتىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. خەنزۇ تىلىدىكى « 叶城 » نامى ياركەندنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولغان « 叶尔羌 » سۆزىد- نىڭ ئالدىنقى خېتىگە (叶) شەھەر مەنىسىنى بېرىدىغان خەت(城) نى قوشۇپ ئاتاش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇندىن باشقا بۇ نامنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىلىرى «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە « 哈尔噶里克 » دەپ؛ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» دا « 哈拉里克 » دەپ ئاتالغان. «قاغىلىق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە «قارغا-قار-غالىغ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەيدىغان قاراش بىر قەدەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ نامنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئالۋاڭ، ۋەزىپە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «قارىخ» سۆزى بىلەن «ياساق، سېلىق» مەنىسىنى بېرىدىغان «قىلىغ» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، «بەگ-ئەمىرلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن ۋە شۇلارغىلا ئال-ۋان تۆلەيدىغان يېزا» مەنىسىدە قىياس قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 44- بەت). ئەمما بۇ قاراشنىڭ تارىخىي ئاساسى يوق. بۇ بىر قىياستىنلا ئىبارەت خالاس. بىز بۇ يەردە ئالدىنقى ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىمىز. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 679- بەت) دىكەن ئەسىرىدىمۇ «قارغىلىق» دەپ ئېلىنغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكەن ئەسىرىدىمۇ «قارغالىغ» (1- توم، 682- بەت) دەپ ئېلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ مەنىسى «قاغا كۆپ جاي» بولۇپ، ئۇيغۇر جانلىق تىل ئادىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، «قاغىلىق» بولۇپ ئومۇملاشقان. شىخەنزە شەھىرىدە «قاغىلىق» دىگەن بىر جاي، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە «قاغىلىق جاڭزا»، كېرىيە ناھىيىسىدە «قاغىلىق ئارىش»، 〈قاغىلىق〉 كەنتلىرى بار.

**قاڭقا** [康喀] تۇرپان ۋىلايىتى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ

ئىلانلىق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، يەنە «قانغا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نام قەدىمدە ئېگىز چاقلىق، گۇگۇسىنى كۆپ «قاڭقا ياكى قانقى، قانقا» دەپ ئاتىلىدىغان هارۋىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان «قاڭقىل» قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. «قانقا» غا قاراڭ.

**قالۇق** [喀鲁克] خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناهىيىسىدىكى بىر يېزا ۋە ئۆستەڭنىڭ، قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر يېڭىشەهەر ناهىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «قالۇق» نامى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناهىيىسىدىكى «قالىق» ۋە قەشقەر شەهىرىگە قاراشلىق «قالىق» نامى بىلەن تەڭداش. ئېنىقراقى، يىلتىزى بىر. «قالۇق» نامىنىڭ ئەسلىسى «قارلۇق» بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى چوڭ بىر قەبىلىنىڭ نامى. بەزى تارىخىي هۆججەتلەردە «قارلۇق» نامى «قارلىق» دەپمۇ ئېلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە «قارلۇق» قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە بىر رىۋايەت بار. يەنە «قارلۇق» دەپ ئاتالغان بۇ جاينىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمىنى 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىلاردىن يۈسۈپ قېدىرخان كېرىيىگە كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرغان دېگەن قىياس بار («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 - يىل 3 - سان، 44 - بەت). ئەمما، شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى چۇ دەريالىرى بولۇپ، ئۇندىن باشقا، هازىرقى توشقان دەرياسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئوچتۇرپان، ئاقسۇلاردىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 4 - سان، 101 - بەت). بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا هەم يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ قارلۇقلارنى كۆچۈرۈشكە ئائىت تارىخىي پاكىتنىڭ يوقلۇقىدىن قارىغاندا، كېرىيىدىكى «قالۇق» نامى ئالدىنقى «قالۇق~قالىق» ناملىرىنىڭ كۆچۈشى بولسا كېرەك.

**قالۇقهويلا** [喀鲁克霍伊拉] قەشقەر يېڭىشەهەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «قالمۇقھويلا» نامى «قالۇق» ۋە «ھويلا» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسلىسى «قارلۇقھويلا». «قارلۇق» قا قاراڭ.

**قالىق** [喀勒(鲁?)克] قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى كەنت نامى. ئۇنسۇ ناھىيىسىدىمۇ «قالىق» (喀力克) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. «قالىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان، ئەينەن ساقلانغان نام بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قالىق» سۆزى يەنە «قالىغ» دەپمۇ ئاتىلىدىغان نام بولۇپ، «راۋاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 298- بەت).

**قامغاز** [喀木尕孜] نىيە، چەرچەن ناھىيىلىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىشىچە، «قىڭغىر-قىيسىق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قامغى» دېيىلىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 299- بەت). «قامغى» سۆزى «قامغاز» غا ئۆزگەرگەنمۇ قانداق؟ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**قاملىق** [喀玛勒克] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر كەنت ۋە نۇقتا نامى. «قاملىق» نامى «قاما كۆپ جاي» دېگەن مەنىدە. «قاما» بىر خىل قىممەت ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋاننىڭ نامى.

**قانقا** [康喀] تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىكى بىر كەنت نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، «ئوغۇزنامە» دىكى بايان ۋە مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «قانقا» سۆزى «ھارۋا، كۆتەك ھارۋا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ (شۇ كىتابقا قاراڭ). «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قانقا» نامى «ئۇرۇق، قەبىلە» ياكى «خاندانلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (خەنزۇچە نەشرى، 28- بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى، 44-، 45- بەتلەردە «قانقا» نامى بار بولسىمۇ،

ئىزاھلانمىغان) ، دەپ ئىزاھلانغان. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىدا «قاڭقا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار بولۇپ، بۇ ئىككى نام ئوخشاش مەنىدىكى سۆز، ئەمما شەكىل ئوخشىمايدىغان سۆز ھېسابلىنىدۇ. «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ نام «قىيانلىق جىلغا» ( «排洪沟» ) دەپ ئىزاھلانغان (خەنزۇچە نەشرى، 59 ـ بەتكە قاراڭ) . ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا «قاڭقىللار» (قاڭقىل) دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ياشىغان بولۇپ، «قاڭقىل» دېگەن بۇ نام ھەم سۈپەت، ھەم رەۋىش بولۇپ كەلگەن. ئۇلار «ئېگىز چاقلىق، گۈگۈسى كۆپ» ھارۋىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قەدىمكى دى، چىلى، دىلى، دىڭلىڭ دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانىدى (دۈەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» ، 1 ـ قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ بابقا قاراڭ) .

**قايراق** [喀依拉克] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر كەنتنىڭ ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر ساينىڭ نامى. ئاتۇشتىكى قايراق كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدا «قايراقساي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى «قايراق» بولۇپ، «تاغنىڭ ئۆركەشلىرى» ياكى «تاغنىڭ يانلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ( «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل 3 ـ سان، 44 ـ، 45 ـ بەت) .

**قاينۇق** [海努克] چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت، قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ نامى. «قاينۇق» نامى ھەققىدە ھازىرغىچە مۇكەممەلرەك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. يەرلىك خەلق ئارىسىدا بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «قاينۇق» نامى «قايناق بۇلاق» (توختىماي بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. «قاينۇق» ئەسلىدە قەدىمكى دەۋرىدىكى ئوغۇز شە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» (1- توم، 618- بەت) دا «ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى» بولغان «قارناق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. ئابدۇساتتار ناسىرى ئەپەندى ئەنە شۇ «قەدىمكى ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قارناق شەھىرى» نىڭ ھازىرقى «قاينۇق» نامى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 4-سان، 67- بەت). مەھمۇد قەشقىرى «قارناق» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «قارناق ئەر - يوغان قورساق ئەر» (1- توم، 618- بەت). دېمەك، «قاينۇق» سۆزى «يوغان، چوڭ» دېگەن مەنىدە كېلىۋاتىدۇ. «ئىلىنىڭ شەجەرىسى» (خەنزۇچە، 96- بەت) تە «قاينۇق» نامىنى «ئەسلى قاينۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، ئەمما شەھەر بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى بىر يەردە ئەمەس» دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇنداق بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆيرات قەبىلىلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى «قاينۇق» نىڭ نامى بولۇپ قالىدۇ. ئىلياس تاھىرى ئەپەندى «قاينۇق» نامىنى «كىندىك» مەنىسىنى بېرىدىغان «خانوك» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن («جاغىستاي تەزكىرىسى»، 11- بەت)، دەپ قاراپ، بۇ سۆزنى «قارناق» بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. بىراق مەھمۇد قەشقىرى خەرىتىسىدە كۆرسەتكەن «خانوك» باشقا يەردە. دېمەك، «قاينۇق» ئەسلى «قارناق» بولۇپ، شۇ جايدىكى قەدىمكى ئۇلۇغ بۇلاقنىڭ نامى، يەنى «چوڭ بۇلاق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ھازىرمۇ قاينۇقتا «چوڭلاق» (چوڭ بۇلاق دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنتنىڭ نامى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قازان بۇلاق، مايىم بۇلاق، مازار بۇلاق، سېسىق بۇلاق، سوغلاق (سوغ بۇلاق)، ھالاۋۇدۇن بۇلاق، نىزام بۇلاق (مارجان بۇلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق بۇلاق نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى بار.

**قايىرتى** [喀依尔特] كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ نام «قايىر» سۆزى بىلەن «تى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «قايىر» سۆزىنى «پورپاڭ يەر» دەپ ئىزاھلايدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 305-بەت). «تىي» قوشۇمچىسى موڭغۇل تىلىدا «لىق، لۇق، لىك، لۈك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «قايىرتى» نامى «پورپاڭ يەر، پورپاڭلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قايىقباس** [喀依克巴斯] چۆچەك شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام «قايىق» ھەم «باس» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن قوش تىللىق يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. «باس» قازاق تىلىدا «باش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، تۈركى تىل تەركىبىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر-قازاق تىللىرى ئوخشاش تۈركى تىل دەپ ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ نامنى قوش تىللىق يەر نامى دېيىشكە بولمايدۇ. «قايىقساس» قا قاراڭ.

**قايىقساس** [喀依克萨孜] چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى سايىنىڭ نامى. بۇ نام «قايىق» ۋە «ساس» تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «قايىق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قايىغ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. «ساس» سۆزى بولسا، «سازلىق» مەنىسىنى بېرىدۇ. «قايىغ» سۆزى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 227- بېتىدە مۇنداق ئىزاھلانغان: «قايىغ. ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى». ئاندىن يەنە بۇنىڭدىن ئېلىنىپ «قايىغ يەر- يولدىن چەتتەقالغان يەر» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ئېھتىمال كېيىنكى تەبىر «قايىقساس» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى يورۇتۇپ بېرەلىشى مۇمكىن. «قايىقساس» دېگەن بۇ نام «يول چېتىدىكى سازلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، يولدىن يىراق جايدىكى، يەنى تاشلاندۇق ئورۇندىكى سازلىقنى كۆرسەتسە كېرەك.

**قەشقەر** [喀什(喀什噶尔)] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ۋىلايەت (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام ھەققىدە بەزىلەر قەشقەرنى قەدىمكى «بىلارساغۇن» دەپ قاراپ، «تاش ۋە خىش بىلەن زىننەتلەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۈيۈك شەھەر» دېگەن مەنىدە، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بۇ نامنى 9- ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، دەپ قاراپ كەلدى. ئەمما بۇ نام تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ كۆپچىلىكتە ئايان ئىدى («ئوكيانوس» 1808- بەت). قەشقەر (kashghar) نامى «قاش» (kash) ۋە «غەر» (ghar) دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى «قاش» (kash) سۆزى «قاشتېشى» دېگەنلىك بولۇپ، «غەر(ى)» (ghar(i)) سۆزى قەدىمكى ساك تىلىدا «رايون، دۆلەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 40- بەت). دېمەك، «قەشقەر» دېگەن بۇ نام «قاشتېشى يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى «喀什» نامى ئەسلىدىكى ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولغان «喀什噶尔» نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ بىر يەر نامىنىڭ يەنە بىر خىل تىلدىكى تەرجىمىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

**قەشقەر كوناشەھەر** [疏附] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ ناھىيىنىڭ خەنزۇچە نامى «سۇفۇ» (疏附) بولۇپ، مەنە جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى دائىرە جەھەتتىن «سۇلى» (疏勒) نامىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. 1953- يىلى ناھىيە مەركىزى توققۇزاققا يۆتكىلىپ كېلىنگەندىن باشلاپ، «توققۇزاق ناھىيىسى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام كېيىنچە ئەمەلدىن قېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھىرىنىڭ نامىدا ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ نامنى ئەسلىدىكى ئاتاش بويىچە «توققۇزاق ناھىيىسى» دەپ ئاتاشنى ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيمىز (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەرناملىرى ئىلمى»، 263- بەت)

**قەشقەر يېڭى شەھەر** [疏勒] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «سۇلى - سۇللاغ ئېلى» (疏勒国) نىڭ نامىدىن قالغان ۋارىس نام. بۇ

نام قەدىمكى «سۇللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا «سۇللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار (مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 606- بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ). ھازىرقى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە «سۇلى» (疏勒) دېگەن بۇ نام بىردەك «قەشقەر» ياكى «سۇلى» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ خاتا. توغرىسى «سۇللاغ» (ئەسلىسى «سوغداق»). ئەگەر بۇ نامنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن دېيىلسە، ئۇ ھالدا «قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى» دېگەن بۇ نامنى «سۇللاغ ناھىيىسى» دەپ ئالساق، ھەم ئېلمىيلىققا، ھەم ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە نام بولىدۇ (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 262- بەت). «قەشقەر يېڭى شەھەر» قەشقەر يېڭى شەھەر رايونىنىڭ نامى بولۇپ، تەۋەلىك نامىدىن باشقا مەنە بېرەلمەيدۇ. «سۇ- لۇق» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**قورام** [库热木] كەلپىن ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «قورام» نامى ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، ئەسلىسى «قورۇم». مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 517- بەتتە «قورۇم» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «korum. قورام تاش، قىيا تاش. توپلانغان مال- مۈلۈكمۇ شۇنداق ئىزاھلىنىدۇ». «قورۇم» سۆزى ھازىرقى زامان قەشقەر شېۋىسىدە «قورام» دەپ ئۆزلەشكەن (غۇلام غوپۇرى «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 197- بەت). دېمەك، «قورام» نامى «قورام تاش، قىيالىق» ياكى «چوڭ تاشلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىز ھازىر «كوئېن- لون» دەپ ئاتاۋاتقان «قارا قورۇم» تېغىنىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

**قورامىلىق** [库(阔,科)拉(热)木勒克] چەرچەن، باي ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا، تاغ، ساي، كەنت، يېزا نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «قورۇملۇق». «قورام» غا قاراڭ.

**قورغاس** [霍尔果斯] ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) ۋە دەريانىڭ نامى. ساۋەن ناھىيىسىدىمۇ نامى «قور-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غاس» (金沟) دەپ ئاتىلىدىغان دەريا ۋە يېزا نامى بار. بۇ ئىككى ئورۇندىكى ئوخشاش نامدا ئاتىلىدىغان جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قاندا‍قلىقى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش قىيىن، ئېھتىمال ئالدىنقىسى ئەسلى نام بولۇشى مۇمكىن. نيۇروچېن ئەپەندى «قورغاس» نامىنى موڭغۇل تىلىدا «قىغ، گەندە» مەنىسىنى بېرىدۇ («شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە، 146- بەت). ھالبۇكى، «قورغاس» نامى «تۈركى تىللار دىۋانى» (3- توم، 236- بەت) دا «قاياس» شەكلىدە ئۇچرايدۇ: «قاياس. توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ». مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ياغما، توخسى، ئوغۇز خەلقلىرىنىڭ تىلى ۋادىلىرىدا ياشايدىغانلىقىنى ئىزاھلىغىنىدىن (1- توم، 40- بەت) قارىغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قاياس شەھىرى» ھازىرقى «قورغاس» نىڭ دەل ئۆزى. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «قاياس شەھىرى» قەدىمدە «سايلىغ قاياس»، «ئۆرۈك قاياس»، «قارا قاياس» دىن ئىبارەت ئۈچ قورغاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «قاياس» نامى «تارىخىي رەشىدى-زەيلى» (10- بەت) دە «قوبالىق» دەپ، «چىڭگىزنامە» (35-، 37- بەت) دە «قەبالىق» دەپ زىكرى قىلىنغان.

**قورلۇق** [葫芦沟] قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى. «قورلۇق» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، «قورلۇق» موڭغۇل تىلىدا «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلگىرى موڭغۇللار بىر قېتىملىق جەڭدە بۇ جاينى بېسىۋېلىپ، «قورلۇق» دەپ ئاتىغان، دەيدىغان قاراش؛ يەنە بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان «قارلۇق» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەيدىغان قاراش («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1994- يىل 4- سان، 42- بەت). بىزنىڭچە، ئالدىنقى قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ۋە تارىخىي ئاساسى يوق، پەقەت قارىغۇلارچە موڭغۇل تىلىغا تارتىشتىن باشقا

نەرسە ئەمەس. كېيىنكى قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. «سۈينامە، تۆلەسلەر تەزكىرىسى» ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۆلەسلەر تەزكىرىسى» لىرىدە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن ئېۋىرغول (ئۇيغۇرغۇل) نىڭ شەرقىگىچە، شۇنىڭدەك بارىكۆلنىڭ داخى يېزىسى ۋە قۇمۇلنىڭ لاپچۇق شەھىرىدە ياشايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، يەنە لاپچۇق قەدىمكى شەھىرىنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان غول «قارلۇق غول» دەپ، غولنىڭ ياقىسىدىكى مەھەللە «قارلۇقلار مەھەللىسى» دەپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بەزى جايلار «قارلۇق تۈگمەن» ، «قارلۇق كارىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قوشتۇر** [霍希吐尔] تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق يەر نامى. «قوش» ، «تۇر» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. «تۇر» غا قاراڭ.

**قوغۇش** [库科西] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. «قوغۇش» ئەينەن ساقلانغان نام، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ، 1- توم، 478- بەتتە: «قوغۇش، قوش، نور (تۈگمەن نورى)» دەپ ئىزاھ بەرگەن. دېمەك، «قوغۇش» نامى نورغا ئوخشاش بولغان ئېرىق سۈيىنى بىلدۈرسە كېرەك (سۇلتان ماموت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، 13-، 14- بەتلەر).

**قوغۇشلۇق** [库科西鲁格] تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى يېزا نامى. «قوغۇش» قا قاراڭ.

**قوغۇشئېرىق** [库科西艾日克] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «قوغۇش» قا قاراڭ.

**قوڭغۇرغا** [空而尕(?)] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يەر نامى. ئابلەت ئابباس ئەپەندى بۇ سۆزنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قوبۇرغا» (ھوقۇش) سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ ۋە «ھوقۇشلۇق» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 57- بەت).

**قوبۇق** [和布克] قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. «قوبۇقسار» غا قاراڭ.

**قوبۇقسار** [和布克赛尔] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. يەنى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى-نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئېنىق قاراش يوق، نيۇروچېن ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، موڭغۇل تىلىدا «قوبۇق» نامى «جىگەررەڭ بۇغا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «سار» سۆزى «ئات ساغرىسى» دېگەنلىك بولىدىكەن (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلى-رى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 146- بەتكە قاراڭ). لېكىن «قوبۇق» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قوبىق» سۆزى بىلەن يىلتىزداش سۆز دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇ سۆز «كەھرىۋا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 306- بەت). «سار» سۆزى بولسا، موڭغۇل تىلىدىكى «ئات ساغرىسى» دېگەن مەنىنى بېرىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا ئەسلى مەنانى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**قۇتۇبى** [呼图壁] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام جۇڭگو تارىخي مەنبەلىرىدە خېلى بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. مىلادى 125- يىلى ئەرمەنلەر-نىڭ خانى بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «Hutdapai» دەپ يازغان، بۇ سۆز «Kuttapai» سۆزىدىن كەلگەن. مىلادى 925- يىلىدىكى قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى ھۆججەت «تاڭغۇت ئېلىگە ساياھەت» (唐古特之路纪游) تە «Kautanai» دەپ يېزىلغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 142- بەت). بەزىلەر بۇ نامنى موڭغۇل تىلىدا «ئالۋاستى كۆپ جاي» دېگەن مەنىدە ئىزاھلىسا، «قۇتۇبى ناھىيىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» تا مانجۇ تىلىدا «ئالۋاستى كۆپ جاي دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن (يۈۋېيچېڭ «شىن

جاڭگىنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 141- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ سۆزنى «بۇ يەر تەڭرىتاغنىڭ مىڭفىت داۋان دېگەن قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، يەنى 〈قۇز〉 تەرپىگە (تەسكەي تەرپىگە) جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە 〈قۇز تۆپە〉 (تەسكەي تۆپە) دەپ ئاتالغان، بارا-بارا ئىستېمالدا ئىخچاملىنىپ 〈قۇتۆبە- قۇتۇبى〉 بولۇپ كەتكەن» («شنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 46- بەت). بىزنىڭچە، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «Hutdapai» نامى بىلەن «Kautanai» نامىنى توغرا دەپ قارىساق، بۇنىڭدىكى «قۇت» سۆزى ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەنلى-كىنى بىلىمىز، بۇنىڭغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بەخت، سائادەت، دۆلەت» مەنىسىدىكى «قۇت» سۆزى بىلەن «يۇقىرى، تۆپە» مەنىسىنى بېرىدىغان «تۇپۇ»، «تۆبۇ» سۆزلىرىدىن ياسالغان دېيىشكە بولىدۇ.

**قۇچى** [库齐] يەكەن ناھىيىسىدىكى يەر نامى (كەنت نامى). قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە «يېڭى قۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. سۇلتان مامۇت ئەپەندى «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 11- بېتىدە بۇ نامنىڭ مەنىسى «ئىشتانباغ، بوغقۇچ» مەنىسىدە كېلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 425- بەتتىكى «قۇر» سۆزى دەپ قاراپ، «چى» سۆزىنى قۇرنى توقۇپ ساتقۇچىلارنىڭ نامى دەپ قارىغان. ئەمما «قۇتاد-غۇبىلىگ» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا «قۇر» سۆزى «تۇگمە» دېگەن مەنىدە كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغى-تى»، 319- بەت). ئۇنداقتا بۇ يەر نامىنىڭ مەنىسىنى «بەلباغ ياكى كەمەر» ساتقۇچىلار دەمدۇق ياكى «تۇگمە» ساتقۇچىلار دەمدۇق؟ بۇ، ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

**قۇرامات** [库热马提] قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «قوروم ئارت» بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا «قورام ئارت» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆز «قورۇمئارت» شەكلىدىن تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ۋە ئالمىشىپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ، «قۇرامات» قا ئۆزگەرگەن. مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى سۆزنى ئۆز لايىقىدا ئىزاھلىغان بولۇپ، «قورۇم» سۆزىگە «زور، ناھايىتى چوڭ» دەپ، «ئارت» سۆزىگە «داۋان» دەپ تەبىر بەرگەن. دېمەك بۇ نامنىڭ مەنىسى، «ئېگىز داۋان» ياكى «چوڭ داۋان» مەنىسىدە كېلىدۇ.

**قۇرباغ** [库尔巴格] لوپ، يەكەن ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. «قۇرباغ» نامى «باغ كۆپ، باغلىق، كۆز يەتكۈسىز (قاتار سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى) باغ» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «قۇر ئۆزەك» كە قاراڭ.

**قۇرجىرا** [库尔吉拉] جېمىنەي، دۆربىلجىن، بۇرچىن ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا، كەنت ۋە جىلغا نامى. «قۇرجىرا» نامى ئېھتىمال «جىرالىق ياكى جىلغىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. «قۇرئۆزەك» كە قاراڭ.

**قۇرداۋان** [库尔达扳] باي ناھىيىسىدىكى بىر ئوتلاقنىڭ نامى. «قۇرداۋان» نامى بىزنىڭچە «مەرتىۋە» دېگەن مەنىدىكى «قۇر» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ يەردە «مەرتىۋە» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسى «ئېگىز، ئۇلۇغ» قا مايىل كېلىدۇ. ئېھتىمال «قۇرداۋان» نامى «ئېگىز داۋان» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

**قۇرساي** [互尔萨依(库尔萨依?)] فۇكاڭ، سانجى شەھەرلىرىگە قاراشلىق جىلغا ۋە كەنت نامى. «قاتار ساي» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «قۇر ئۆزەك» كە قاراڭ.

**قۇرما** [库尔玛] مەكىت، باي، شايار ناھىيىلىرىدىكى يېزا، كەنت نامى. «قۇما» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**قۇرۇق قىرچىن** [库如克克日青] توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قۇرۇق قىرچىن» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «بۇلاق

ئەتراپىدا قۇرۇپ كەتكەن سۆگەتلەر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 221- بەت) دەپ ئىزاھلانغان. بۇ خاتا، «قىرچىن» سۆزى «توغراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قۇرۇق قىرچىن» نامى ناھايىتى روشەنكى «قۇرۇق توغراقلىق» ياكى «قاخشال توغراقلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قارا قىرچىن» گە قاراڭ.

**قۇرۇمدۇق** [库如木都克] ئاتۇش شەھىرى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى نۇقتا، كەنت ۋە تاغ ئېغىزىنىڭ نامى. «قۇرۇمدۇق» نامى «قۇرۇملۇق» بىلەن ئوخشاش. «قۇرۇملۇق» قا قاراڭ.

**قۇر ئۆزەك** [库尔乌泽克] غۇلجا ناھىيىسىدىكى جۇغراپىيىلىك نۇقتا ۋە بىر جىلغىنىڭ نامى. «قۇر ئۆزەك» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇر» ۋە «ئۆزەك» (بەزىدە ئۆزەك) تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «قۇر» سۆزىنى ① مەرتىۋە، ②بەلباغ (يەنى ئىشتانباغ، بوغقۇچمۇ «قۇر» دېيىلگەن) دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىغان («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 424-، 425- بەت). «ئۆزەك» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «جىلغا، ئېرىق، ئېقىن سۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئۆز» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرىدە «ئۆزەك» سۆزى ئوخشاشلا «كىچىك ئېرىق» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 439- بەتكە قاراڭ). «قۇر» سۆزى شۇ تېكىستلەردە يەنە «رەت، قاتار» مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن (يۇقىرىقىدەك، 319- بەت). «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا بولسا «تۈگمە» دېگەن مەنىدە كەلگەن (يۇقىرىقىدەك). دېمەك، «قۇر ئۆزەك» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «قاتار جىلغا» ياكى «جىلغىلار» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلاشقا ۋە ياكى «تارام-تارام ئېقىن سۇ» دەپ ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىدىن باشقا شىنجاڭدا «قۇر» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىدىن بىر نەچچىسى بار. مەسىلەن، قۇرجىرا، قۇرجىرا جىلغىسى، قۇرجىرا كەنتى، قۇرداۋان ئوتلىقى، قۇرساي دېگەنگە ئوخشاش يەر

ناملىرى بار. بۇ ناملارمۇ «قاتار-قاتار جىرالار» ياكى «جىرالىق» ؛ «ئېگىز، (مەرتىۋە سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىدە) داۋان» ، «قاتار ساي» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

**قۇر ئۆزەك** [库尔乌泽克] غۇلجا ناھىيىسى ۋە كۈنەس، نىلقا ناھىيىلىرىدىكى جۇغراپىيىلىك گەۋدە (نۇقتا) ۋە جىلغا، كەنت نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «قۇر ئۆزەك». «قۇر ئۆزەك» كە قاراڭ.

**قۇلانقۇرۇق** [库兰阔如克] يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «تۈركى تىللار دىۋانى» ، 1- توم، 541- بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: «قۇلان، ياۋا ئېشەك» دەپ، «قورۇق» سۆزى 1- توم، 486- بەتتە: «قورۇق. بەگلەرنىڭ مال باقىدىغان مەخسۇس يايلىقى. قوغدىلىدىغان ۋە كۆزىتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» . مەنىسى، «ياۋا ئېشەكلەرنى كۆندۈرىدىغان يايلاق (ئورۇن)» دېگەن مەنىدە (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، 26- بەت).

**قۇلۇستاي** [库鲁斯台] غۇلجا ناھىيىسىدىكى كەنت ۋە جىلغا نامى. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر غولنىڭ نامى. چۆچەك شەھىرىدىمۇ «قۇلىستاي ئوتلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. «قۇلۇستاي» نامى موڭغۇل تىلىدا قوللىنىلغان يەر نامى بولۇپ، بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق مىللەتلەر تەزكىرىسى» دە: «قۇلۇستاي. جۇڭغار تىلىدا سۇنىڭ يەرگە تەكشى تارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى تۆت ئەتراپنىڭ سۇغا لىق تولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن. يەنە بەزىلەر «قۇلۇستاي» دېگەنلىك موڭغۇل تىلىدا «تاش كۆپ جاي (تاشلىق جاي)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («غۇلجا ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، خەنزۇچە نەشرى، 116- بەتكە قاراڭ) دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**قۇلۇستى** [库鲁斯特] قورغاس ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «قۇلۇستاي» غا قاراڭ.

**قۇرۇملۇق** [库如木鲁克] تاشقورغان تاجىك ئاپتو-

نوم ناھىيىسىدىكى بىر يەر نامى. «قۇرۇملۇق» نامى ئەسلىدە «قورۇم-
لۇق» بولۇپ، «قورۇم» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قورام تاش،
قىيا تاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قورام» غا قاراڭ.

**قۇما** [库(尔)玛(马)] يەكەن، خوتەن ناھىيىسىدىكى
كەنت نامى. ئۇيغۇر تىلىدا كەپتەر بېقىش ئۈچۈن ياسالغان كاتەك
«قۇما» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرپاندىن
تېپىلغان تېبىبي يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، «قۇما» سۆزى «زىغىر»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 324-
بەت). ئېھتىمال، بەزى جايلارنىڭ نامى «كاتەك» مەنىسىگە يېقىنلىشىد-
غان «قۇما» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى، بەزى جايلارنىڭ نامى «زىغىر»
مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «قۇما» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**قۇمتار** [库木塔尔] چەرچەن ناھىيىسىدىكى يەر
نامى. «قۇمتار» نامى «قۇم» ۋە «تار» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن
تۈزۈلگەن. «تار» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەينەن ساقلانغان
سۆز بولۇپ، «مايترى سىمىت» تا «جىلغا» دېگەن مەنىدە كەلگەن
(ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىقلار تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
«مايترى سىمىت»، 170- بەت). دېمەك، «قۇمتار» نامى «قۇم جىلغا،
قۇملۇق جىلغا» ياكى «قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدىكى ئۇزۇنچاق يەر»
دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**قۇمكۆل** [库木库勒] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئىك-
كى جاينىڭ نامى. يەكەن، پەيزاۋات، شايار، باي، توقسۇ ناھىيىلىرىدىكى
كەنت نامى. «توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»
دە پەيشەنبە بازار يېزىسىغا قاراشلىق «قۇمكۆل كەنتى» نىڭ نامىنى
«كەنتنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر قۇم ئويمانلىقى بولۇپ، يىل بويى سۇ
يىغىلىپ تۇرغاچقا، كۆلىمى زور كۆلگە ئايلانغان، شۇڭلىغا ئاساسەن
〈قۇمكۆل〉 دەپ نام ئالغان» (شۇ كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 78- بەتكە
قاراڭ) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ نامغا بېرىلگەن تەبىر ناھىيىتى توغرا. بىراق،

«قۇم» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇم، قۇملۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ مەنىدىن باشقا، يەنە «سۇ دولقۇنى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 187- بېتىدە «Kum قۇم» سۆزىگە «دولقۇن، سۇ دولقۇنى» دەپ تەبىر بېرىپ، بۇ شېئىرنى مىسالغا ئالغان:

كۆلۈم قۇمى قوپسا قالى تامىغ ئېتەر،
كۆرسە ئانى بىلگە كىشى سۆزگە پۈتەر.

مەنىسى: ئەگەر كۆلۈمنىڭ سۈيى دولقۇنلىسا، گويا ئۆيۈمنىڭ تېمىنى ئۆز جايىدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك ئۇرىدۇ، ئەقىللىق ئادەم ئۇنى كۆرسە، سۆزۈمگە چىن پۈتىدۇ (ئىشىنىدۇ — ئا). بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «قۇمكۆل» نامى «دولقۇنلۇق كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ناملارغا تەبىر بەرگەندە، يەنىلا ئەسلى مەنىگە سادىق بولغان ياخشى. ئەمما ھەممىلا نامنى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ، مۇھىمى شۇ نامنىڭ ئەسلى جۇغراپىيىلىك ئورنىغا، قەدىمىلىكىگە قاراش كېرەك.

**قۇمگېرەم** [库木格热木] ئۇنسۇ ناھىيىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ، باي ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام «قۇم» ۋە «گېرەم» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. مەنىسى: «قۇم تېگىدىن ئويۇلغان گەمە، قۇمدىن ئويۇپ ياسالغان ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «گېرەم» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**قۇمۇل** [哈密] شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ۋىلايەت (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئۇزۇندىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرىدىغىنى قەدىمكى ئۇسۇن تىلىدا «كۇنبەگ» مەنىسىنى بېرىدىغان «كۇنمۇ 昆莫» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەيدىغان قاراش. بەزىلەر «قۇم بۇرۇل»، «قۇم قول» ياكى «قۇم مول»، «قۇم ئامىل» سۆزلىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن

دەپ قارايدۇ. تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «قۇملار رايونى» مەنىسىنى بېرىدىغان كېيىنكى «قۇم ئامىل» قارىشىدا ئىككەنلىكىنى شەرھـ- لەيدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 46- بەت). يەنە بەزىلەر «قۇمۇل» نامى ئەسلىدە «قامىل» ئىدى. بۇ سۆز «قا» پېئىلىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «مىل» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ ئۇنىۋېر- سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990- يىل 1- سان، ئۇيغۇرچە نەشرى، 96- بەتكە قاراڭ). يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ نامنى ئەڭ كېيىن بولغاندا، 4-، 5- ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ نام دەسلەپتە «قامىل» شەكلىدە بولۇپ، چاغىتاي تىلى دەۋرى (13- 14- ئەسىردىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) دەۋرىدە «قامۇل» دەپ ئاتالغان، مەنىسى «مۇھاسىرە» ياكى «مۇھاپىزەت قورغىنى» دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1992- يىللىق 2- سان، 44-، 46- بەتلەرگە قاراڭ). بۇ نام قەدىمكى خەنزۇچە تارىخي ماتېرىيال- لاردا «جۇمى» (俱密)، «哈米力»، «哈梅里»، «哈木尔» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرقى «哈密» دەپ ئاتىلىشى «哈梅里» نىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى.

**قۇۋ ئېرتىش** [胡额尔齐斯] چىڭگىل ناھىيىسىدىكى بىر كىچىك دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەريا «ئاققۇ» نامى بىلەن «قۇۋ ئېرتىش» دەپ ئاتالغان. «ئېرتىش» قا قاراڭ.

**قىپچاق** [柯普恰克] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بىر كەنت ۋە بىر دەريانىڭ نامى. «قىپچاق» قەدىمكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى، بۇ جايلاردا قىپچاق قەبى- لىسى پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولغاچقا، دەريا، كەنت ناملىرى ئۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

**قىپچاقمەھەللىسى** [柯普恰克买里斯] قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «قىپچاق» قا قاراڭ.

**قىرچىن بۇلاق** [科尔琼布拉克] تۇرپان شەھىرىدى-كى بىر بۇلاقنىڭ نامى. «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قىرچىن» سۆزىنى «سۆگەت» دەپ ئىزاھلىغان (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 193- بەت). بۇ خاتا، «قىرچىن» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توغراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قارا قىرچىن» غا قاراڭ.

**قىرچىن تاغ** [科尔琼塔格] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «قارا قىرچىن» غا قاراڭ.

**قىرچىن داۋان** [科尔琼达板] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «قارا قىرچىن» غا قاراڭ.

**قىرچىنقوتان** [克尔琴阔坦] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، بۇ نامدىكى «قىرچىن» سۆزى «توغراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قىرچىن» سۆزى «قوتان» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كەلسە، «توغراق قاپلىغان قوتان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قارا قىرچىن» غا قاراڭ

**قىزىلاز (قىزىلئاز)** [克孜拉孜] يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ يېزىسىدىكى كەنت نامى. «يەكەن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 356- بېتىدە بۇ نام «قىزىلئاز» دەپ ئېلىنىپ، خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ ئوخشاش بېرىلگەن. بۇ نامنىڭ ئەس-لىسى «قىزىلئاز» بولۇپ، بۇ خىل ئاتاشنىڭ ئەسلى يىلتىزىنى «ئاق سۆسەر» نىڭ نامى بولغان «ئاز ياكى ئاس، ئەرس» سۆزى بىلەن «قىزىل» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

**قىشلاق** [克什拉克] قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، گۇما، يېڭىسار، يەكەن ناھىيىلىرى، قەشقەر شەھىرىدىكى كەنت، نۇقتا نامى. شىنجاڭدا «قىشلاق» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ناھايىتى كۆپ، غۇلجا ناھىيىسىدىكى «قىشلاق تام»،

چىرا ناھىيىسىدىكى «قىشلاقىيەر» قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر كوناشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار، يەكەن، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدە 63 كەنت «چوڭقۇر قىشلاق»، «دۆڭقىشلاق»، «يارقىشلاق»، «بۇلۇڭقىشلاق»، «تۆۋەنقىشلاق» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 607- بېتىدە «قىشلاق» سۆزىگە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «قىشلاق — قىشلايدىغان جاي، تاڭنىڭ ئوتى مول، قار ئاز كۈنگەي تەرىپى» (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 5- بەت)

**قىياقبۇلاق** [克亚克布拉克] توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ئەمما «توقسۇن ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى) دە بۇ نام كۆرۈلمەيدۇ (؟). بۇ يەر نامى «قىياق» كۆپ ئۆسىدىغان بۇلاق دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. «قىياقلىق» قا قاراڭ.

**قىياقتى** [克亚克特] جېمىنەي، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە ساي نامى. «قىياق» بىر خىل ئوتنىڭ نامى، «تى» ئەسلى موڭغۇل تىلىدا «لىق، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان مۇھىم ئۇلانما، ھالبۇكى «تى» قوشۇمچىسى يەنە قازاق تىلىدىمۇ ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قىياقلىق» قا قاراڭ.

**قىياققوتان** [克亚克阔坦] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى نۇقتا نامى. بۈگۈر ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 79- بەت) دە «بۇ جايدا چاقماق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بىزنىڭچە، «قىياق» بىرخىل ئوتنىڭ نامى. بۇ جايدا «قىياق» كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، بۇ جاي قوتان نامى بىلەن قوشۇلۇپ، «قىياققوتان» دەپ ئاتالغان. «قىيا قىياقلىق» قا قاراڭ.

**قىياقلىق** [克亚克勒克] چەرچەن، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە كەنت نامى. بۇ يەر نامى «قىياق» ۋە «لىق» تىن

ئىبارەت بىر سۆز، بىر قوشۇمچىدىن تۈزۈلگەن. شىنجاڭدا يەنە توقسۇن، بۈگۈر، مەكىت، جېمىنەي، قۇتۇبى قاتارلىق ناھىيىلەردە نامى «قىياق» سۆزى بىلەن ئاتالغان بىر نەچچە يەر بار. بۇ يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوخشاش يىلتىزلىق مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 229- بەتتە «قىياق» سۆزىنى «قىياق» سۆزىگە ئوخشاشلا «قىيپاش بولغان ھەرقانداق نەرسە» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يەردىكى «قىيپاش، ئەگرى» مەنىسى «قىياق» نامىغا ماس كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ؟ بىزنىڭچە، بۇ «قىياق» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىۋاتقان يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، «قىياق» تىن ئىبارەت بۇ سۆزنىڭ ئوت-چۆپ نامىدا ئاتىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەر نامىلىرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جايلاردا «قىياق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت ئۆسىدۇ.

**قىيىش** [克依西(克依希?)] تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىمۇ «قىيىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە نامى بار. «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر نامىلىرى لۇغىتى» دە تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىكى «قىيىش كەنتى» نىڭ نامى بېرىلمىگەن. «تۇرپان شەھىرى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ يەر نامىغا «بۇرۇنقى يىللاردا بۇ جايدا جەڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۆلگەن»، شۇڭا «قىرىش» (قىر-چاپ قىلىش ـنا) دەپ ئاتالغان، دەپ تەبىر بەرگەن (شۇ كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 36- بەت، خەنزۇچە نەشرى، 22- بەت). ئۇنداقتا، بۇ نام قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشتا قىرىلغان ئادەملەرگە قارىتىلغانمۇ؟ شۇڭا، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ك

**كاپا** [喀帕] چەرچەن، قاغىلىق، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە كەنت، جىلغا (كاپادالا جىلغىسى) نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «كەنپە» بولۇپ، كېيىن «كانپا» دەپ ئاتالغان. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كاپا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، يەنە «كەپە» دەپمۇ ئاتالغان (غۇلام غوپۇرى «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈ-كى»، 208- بەتكە قاراڭ). بۇ ئەسلىدە قۇرغاق تاشلىق يەرلەردە پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، يەنە «كەبىر»، «بۆرە سويىمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (يۇقىرىقىدەك). «كامپا» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**كارساك** [喀尔桑] پىچان ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «كارساك» سۆزى «كارسان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ياغاچتىن ئىشلەنگەن چوڭ تاۋاق» كارساك ياكى كارسان دەپمۇ ئاتىلى-دۇ. «كارسانلىق» قا قاراڭ.

**كارسانلىق** [喀尔桑勒克] تۇرپان شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. تۇرپان شەھىرىدە «كارسان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت نامى. بار. «كارسانلىق» نامىنى «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتە-لىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 25- بەت) دە «چۆل، باياۋان» دەپ ئىزاھلىغان. بىزنىڭچە، بۇ توغرا ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدا «ياغاچتىن ئىشلەنگەن چوڭ تاۋاق» كارسان ياكى كارساك دېيىلىدۇ. بۇ سۆز قومۇل شىۋىسىدە ئۇچرايدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈ-كى»، 206- بەت). شۇڭا «كارسانلىق» نامى «ياغاچتىن ئىشلەنگەن چوڭ تاۋاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايمىز.

**كامپا** [康(库)帕] قاراقاش ناھىيىسى ۋە يېڭىسار ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 543- بەتتە تىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلىنغان كەنچەكچە مەلۇم بىر خىل ئوتنىڭ نامىنى بىلدۈرسە كېرەك. ئۇنىڭدا «kanpa. كەنپە. كامپا. بىر خىل ئوتنىڭ ئىسمى. كەنچەكچە» دەپ ئىزاھلانغان. روشەنكى، «كامپا» نامى كەنچەك تىلىدا «كەنپە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوتنىڭ نامىدىن كەلگەن.

**كانپا** [康(坎?)帕] يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «كامپا» غا قاراڭ.

**كەگەز** [康阿孜] گۇما ناھىيىسىدىكى بىر دەريا ۋە بىر كەنتنىڭ نامى. قارىغاندا، بۇ ئىككى جاي نامىنىڭ يىلتىزى «كەگەز» سۆزىنىڭ سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «كەگەز» سۆزى ئالدى بىلەن دەريا نامىغا، ئاندىن كەنت نامىغا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتى « Kangas كەگەس» شەكلىدە ئۇچرايدۇ (3- توم، 498- بەت). دېمەك، «كەگەس» سۆزى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «س» تاۋۇشى «ز» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. «كەگەز دەرياسى» دېگەن بۇ نام «سۈيى تېز دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «كەگەس» سۆزى «تېيىز» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلانغان. يەنە بىرى، چىرا ناھىيىسىدە «كېگەز جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. ئېھتىمال بۇ يەردىكى «كېگەز» سۆزى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان « Kangas كەگەس» سۆزى بولسا كېرەك. بىزنىڭچە، بۇ سۆز «كەگەس» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىدە ئاتىلىشى دەپ قارايمىز. مەسىلەن، «تار جىلغا» دېگەنگە ئوخشاش.

**كەگرى داش (كەگرىداش؟)** [康日达希] توقسۇ ناھىيىسى يۇلتۇز باغ يېزىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدا چوڭ بىر ئازگال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇلاق سۈيى بار. تۆت ئەتراپى توغراق، قومۇش قاپلاپ تۇرىدۇ، بۇ جايدا بىر كەگرى داش بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان («توقسۇ ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرى-

تىلىك تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 146ـ بەت). ئېھتىمال «كەڭـ
رى» دېگەن سۆز كېيىن قوشۇلغان سۆز بولسا كېرەك، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا چوڭراق كۆللەرنى ياكى كۆل ئورۇنلىرىنى «داش» دەپ ئاتايتتى.
«داش» قا قاراڭ.

**كەڭساغان** [康萨罕] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى
كەنت نامى. «ساغان» غا قاراڭ.

**كەلپىن** [柯坪] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەـ
ھەر) نىڭ نامى. «كەلپىن» نامى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن
قاراش يوق. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نامنىڭ قاچانلاردىن بۇيان قوللىنىپ
كېلىنگەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت خەنزۇچە تارىخىي
ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا «كەلپىن» دېگەن
بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىلىك تـەرجـىمـىسى ئـۇچـرايدۇ.
ئـۇلار « 克力宾 »، « 耐勒坪 » دىن ئىبارەت بولۇپ،
بەزىلەر «كەلپىن» نامىنى ئۇيغۇرچە «كەپە» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلـ
گەن، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەلكۈن» سۆزىدىن
ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى
ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 135ـ بەت). يۇقىرىدا
كۆرسىتىلگەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 3ـ خىل ترانسكرىپسىلىك تەرجىمە
« 凯勒昆 » نىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەلكۈن» سۆزىگە يېقىن
كېلىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا «كەلپىن» نامىنى «كەلكۈن» سۆزىدىن
ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال «كەلپىن» نامى مىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە « 凯勒昆 » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇشى
مۇمكىن.

**كەنجەك** [坎介克] ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى يەر نامى. بۇ
ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، قەدىمكى «كەنچەك» دەپ ئاتىلىدىغان
قەبىلىلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋا-
نى» دا بىر مۇنچە سۆزلەرگە تەبىر بەرگەندە، ئۇ سۆزلەرنىڭ «كەنچەك»

تىلدا ئېيتىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ھەم ئۇلارنىڭ تىلىدا قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلىدىكىگە ئوخشاش «ھ» تاۋۇشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى «تۈركلەردىن ھېسابلىمىغان» (1- توم، 44- بەت) ۋە «قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار» لىقىنى تىلغا ئالغان (1- توم، 41- بەت). دېمەك، «كەنجەك» نامى قەدىمكى تۈركى قەۋملەرنىڭ بىرى بولغان «كەنچەك» لەرنىڭ نامىدىن كەلگەن.

**كورتى** [库尔提(特?)] ئالتاي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «كۆرتى» بولسا كېرەك، «كۆرتى» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىرغاي» (تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ، تاغ دەرىخى) دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «كۆرت» سۆزىدىن كەلگەن. مەنىسى «ئىرغايلىق» دېمەكتۇر. «كۆرتى» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**كورلا** [库尔勒] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «كۆرۈكلار» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچېڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 36- بەت؛ نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 124- بەت). مەرھۇم تەتقىقاتچى رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندى بۇ سۆزنى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3- توم 599- بېتىدىكى «كەۋلى-كويلا» سۆزىگە باغلاپ، دەريا ئېغىزى دېگەن مەنىدە، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن بۇ نام ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ شەھەر كەم ھېسابلىغاندىمۇ (ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى) دەۋرىدە بىنا قىلىنغان. چۈنكى 13- ئەسىردە بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە (كۇن- لۇي) » (? - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) دەپ يېزىلغان. بۇ نام ئېھتىمال ئۇيغۇرچە «كۆركلۈگ» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك

تەرجىمىسى بولسا كېرەك» دېيىش بىلەن «كۆركلۆگ» سۆزىدىن «كور-لا» نامى كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «گۈزەل مەنزىرە، چىرايلىق جاي، كۆركەم» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ئىككى خىل تەبىرنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. ئەمما بىزنىڭچە، يەنىلا ئالدىنقى تەبىر بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**كونا تاتا** [阔纳塔塔] يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «تاتا» غا قاراڭ.

**كۇچا** [库车] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «كۇچا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. قەدىمكى «كۇچا» شەھىرىنىڭ نامى جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئوخشاش بولمىغان خەتلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، پەقەت «كۇچا» نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونىما قائىدىسى بويىچە ئاتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى « 龟兹 » سۆزىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «Kjwitsi» بولۇپ، «كۇچا» نامىغا يېقىن كەلگەن (سىن جوگمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 398- بەت) . غەرب ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، «كۇچا» نامى «Kuci» ياكى «Kuci» دەپ ئوقۇلغان. كونوۋ (Konow) ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «Kuci» سۆزى توخرى تىلىدىكى « 月氏 » (توخار) سۆزى ئىكەن (نيۇروچېن «شنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 132- بەت). نيۇروچېن ئەپەندى «Kuci» ، «Küci» ، «kuci» دەپ ترانسكرىپسىيىلەنگەن ناملارنى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى « 龟兹 » ئەمەس، پەقەت بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، كېيىنچە سانسكرىتچىلاشقان نام دەپ قارايدۇ ھەم كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «kusan» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ھىندى-سانسكرىت تىلىدا «kusana» ،

يۇنان تىلىدا «kosana»، پارس تىلىدا «kusan» دېيىلىدىغانلىقىنى، «kusan» نىڭ توخرى تىلىنىڭ باشقا بىر خىل شېۋىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ياپونىيىلىك خانىدا تورو (يۇ تيەنخىڭ) ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «kusan» نى قەدىمكى «كۇچا» دەپ كۆرسەتكەن (يۇقىرىقى كىتاب، 133- بەت). مەھمۇد قەشقىرى بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «كۈسەن»، «كۇچا» دەپ ئىككى خىل خاتىرىلىگەن بولۇپ، پارس تىلىدا يېزىلغان «ھودودۇلئالەم» دە «kusan» دەپ، تىبەت تىلىدا يېزىلغان «ئۇدۇن تارىخى» دا «Guzan» دەپ ئېلىنغان. بۇ ناملاردىن قارىغاندا، ئۇلاردا چوڭقۇر باغلىنىش بار. يەنى «Küsan» نامى ئوخشاش بولمىغان تىلدا ئاھاڭدارلىق جەھەتتىن چوڭ پەرق قىلمىغان. يەرلىك خەلق «كۇچار» دەپ ئادەتلەنگەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە «Kuqar» سۆزىدىكى «ri» سۆزى قەدىمكى كۈسەن تىلىدا «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان «شۆەنزاڭ. 〈ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى〉 نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە نەشرى، 56- بەت). ئەنگلىيە ئالىمى ھ. ۋامبېررى «كۇچا» نامىنى قەدىمكى كۈسەنلىكلەرنىڭ «ئاق» فامىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، «Kutsi» سۆزى «ئاق، نۇرلۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ (نيۇروچېن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 134- بەت). بەزى تەتقىقاتچىلار، مەسىلەن، فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ يەردىكى «ئاق» فامىلىسىنى سانسكرت تىلىدىكى «پۇسپا (puspa)» سۆزىدىن كەلگەن، مەنىسى «شىرگۈل» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان ھەم بۇنى « 白 » خېتىنىڭ ماس تەلەپپۇزى، دەپ كۆرسەتكەن. شياڭ جۇمىڭ ئەپەندى ئۇنىڭ پىكرىنى شۇ چاغدىلا رەت قىلغان ھەمدە كۇچانىڭ شىمالىدىكى «ئاق تاغ» نىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىدى. كېيىن فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى «يەنە كۈسەنلىكلەرنىڭ 〈ئاق〉 فامىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، شياڭ جۇمىڭنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى ھەمدە ئۆز قارىشىنى يەكۈنلىدى. شياڭ جۇمىڭمۇ يەنە ماقالە يېزىپ بۇنىڭغا قارشى تۇردى

(فېڭ چېنجۇن «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخى-جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 158-، 175- بەتلەردىكى مەزمۇنغا قاراڭ). ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس سوڭ تيەنچونەن كۇچا ئەتراپىدىن تېپىلغان يەرلىك مىللەت يېزىقىدىكى «swarnabüspe» ، «swarnapuspa» ياكى «swarna—tep» ئىككى خاننىڭ نامىدىكى «puspa» ياكى «büspa» سۆزلىرىنى توخار تىلىدا «ئالتۇنگۈل» دېگەن مەنىنى بىرىدىغانلىقىنى ھەمدە شۆەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «.... خاننىڭ ئەمەل نامى ئالتۇنگۈل» ئىكەن دېگەن بايانغا بىرلەشتۈرۈپ، كۇسەن تىلىدىكى «swarna» فامىلىسىنىڭ «ئاق» فامىلىسى ئىكەنلىكىنى، «سۇي سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «swarna» فامىلىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ سۇنىش (« 鼠尼施 » ياكى « 苏尼施 ») قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى كۆرسەتتى (سوڭ تيەنچونەن «قەدىمكى تەڭرى تېغىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىشۇناسلىقى بويىچە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 327-، 337- بەتلەردىكى مەزمۇنلارغا قاراڭ). ئابلىز مۇھەممەت سايرامى « 白 » (ئاق) فامىلىسىنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «بەگ beg» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1993- يىل 4- سان، 15- بەت). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «كۇچا» سۆزىنى قەدىمكى توخار قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان، «گيۇزى» ۋە «گۆچچى» ئالتاي تىلىغا مەنسۇپ، «توخرى» لارنىڭ تەگ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركى تىلغا مەنسۇپ. دېمەك، «كۇچا»- «گيۇز» -گۆز («غۇز» نىڭ ھىندى گېرمان تىللىرىدىكى تەلەپپۇزى) نىڭ ئۆزگەرمىسى، دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 47- بەتكە قاراڭ). قىسقىسى، «كۇچا» نامى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەن قاراش يوق، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**كۇئېنلۇن** [昆仑] كېرىيە، چەرچەن، قاراقاش ناھى-

www.uyghurkitap.com



يىلىرىدىكى كەنت، دەريا ۋە تاغ نامى. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى تاغ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە «قارا قورۇم» تېغىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى « 昆仑 » سۆزى «قارا قورۇم» نامىدىكى «قورۇم» سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىلىك تەرجىمىسىدىكى قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئوخشاشلا «قورام « 喀喇昆仑 » سۆزىنىڭ تاش» مەنىسىدىكى «قارا قورۇم» نىڭ دەل ئۆزىدۇر. دېمەك، «قارا قورۇم» نامى بىلەن «كۇئېنلۇن» نامى ماھىيەتتە ئوخشاش نام بولۇپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايرىم-ئايرىم جۇغراپىيىلىك دائىرىگە ۋە ئۆزىگە خاس مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان (قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، 296- بەت). «قارا قورۇم» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**كۆكتوقاي** [富蕴(可可托海?)] ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام «كۆك» ۋە «توقاي» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا تۇتاش كەتكەن قويۇق ئورمان «توقاي» دېيىلىدۇ. دەريا بويلىرىدىكى تاللىق- ئورمانلار، شۇ-نىڭدەك كەڭ كەتكەن چاتقاللىقلارمۇ «توقاي، توقايلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**كۆكمودون** [科克莫敦] قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «كۆكمودون» نامى موڭغۇلچە يەر نامى بولۇپ، «مودون» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «دەرەخ، تېرەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «كۆكمودون» نامى «كۆك تېرەكلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆنچى** [昆其(孔雀)] لوپنور ناھىيىسىدىكى دەريا ۋە كەنتنىڭ نامى. قەشقەر كونا شەھەر، قورغاس ناھىيىلىرى ۋە كورلا شەھەرلىرىدىمۇ «كۆنچى» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللە ناملىرى بار. بۇ يەردە «كۆنچى» دەرياسىنىڭ نامى ئاساس قىلىنىدى. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بەزىلەر «كۆن-تېرە پىششىقلىغۇچى» دېگەن مەنىدە، دەپ ھېسابلىسا، يەنە بەزىلەر خەنزۇ تىلىدىكى « 孔雀 » خەتلىرىگە ئاساسەن «توز دەريا» دېگەنلىك دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئەمەلى-

يەتتە، بۇ سۆز «تىرەن، چوڭقۇر» مەنىسىدىكى «گۈن، گۈنچۇ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 3- سان، ئۇيغۇرچە، 154- بەتكە قاراڭ) بولۇپ، «چوڭقۇر دەريا» دېگەنلىك بولىدۇ.

**كۆدەي** [库代(昆得)] تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، مۇشۇ يېزىنىڭ كۆزلۈك يايلىقى ھېسابلىنىدۇ. «كۆدەي» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە «كۆنگەي» دېگەنلىك بولۇپ، كېيىنچە بارا-بارا تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ «كۆدەي» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. «كۆدەي» سۆزى « كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان جاي» (يەنى كۆنگەيلىك دېگەندەك) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. باغراش ناھىيىسىدىمۇ «كۆدەيلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ نام ئەسلى «كۆنگەيلىك» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

**كۆدەيلىك** [库代力克] باغراش ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «كۆدەيلىك» دېگەن بۇ نام ئەسلى «كۆنگەيلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، كېيىنچە «كۆدەيلىك» بولۇپ ئۆزگەرگەن، «كۈن نۇرى دائىم چۈشۈپ تۇرىدىغان يەر» دېگەن مەنىدە. «كۆدەي» گە قاراڭ.

**كۆرتلۈك** [库如特鲁克] ئارا تۈرك ناھىيىسى تۇخۇلۇ يېزىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «ئاراتۈرك ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى، 147- بەتتە بۇ نامنى «قۇرتلۇق» دەپ ئېلىپ، «ئۇيغۇر تىلىدا قۇرتلۇق جىلغا دېگەن مەنىدە، بۇ جىلغىدا بىر ئاجايىپ قۇرت بار بولۇپ، چارۋىلار ئوتلاۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قېنىنى شورايدۇ» (خەنزۇچە نەشرى، 147- بەت). ئەمما بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسىدا «كۆرتلۈك» (211- بەت) دەپ ئېلىنغان. ئابدۇرېشىت سابىت، تۇردى ناسىرلار تۈزگەن «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇغىتى» دە «كۆرتلۈك» نامى ئۇچرايدۇ، «قۇرتلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاينىڭ پىچان ناھىيىسىدىكى يەر نامى ئىكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرسىتىلدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە «كۈرتلۈك» نى ئاساس قىلدۇق. بۇ نام ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىرغاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كۈرت» سۆزى بولسا كېرەك. «كۈرتلۈك» — ئىرغايلىق دېگەن مەنىدە، «كۈرتى» غا قاراڭ. ئىزاھ: پىچان ناھىيىسىدىكى «قۇرتلۇق» نامىمۇ ئوخشاشلا « 库如特鲁克 » دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

**كۈرتى** [库尔特] ئالتاي شەھىرى، دۆربىلجىن، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى كەنت، يېزا نامى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىزاھلىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۈرت kürt» سۆزى «ئىرغاي، تاغ دەرىخى» دەپ ئىزاھلانغان (1- توم، 447- بەت). قارىغاندا، «كۈرتى» سۆزىنىڭ مەنىسى «ئىرغايلىق» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. موڭغۇل تىلىدا «تى» قوشۇمچىسى، «لىق، لۇق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئېھتىمال بۇ نام موڭغۇل تىلىدا «kürtti» دەپ ئاتالغان بولۇشى، كېيىنچە «t» فونېمىسىنىڭ بىرسى چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

**كۈنەس** [巩乃斯(新源)] ئىلى ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) ۋە دەريانىڭ نامى. خەنزۇچە نامى «شىنيۈەن 新源 » «يېڭى ئېقىم (سۇ) مەنبەسى» دېگەن مەنىدە. تارىخىي ماتېرىياللاردا، «كۈنەس» — قۇياشلىق، ئاپتاپ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان. بەزى تەتقىقاتچىلار «كەگەش» دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىشىچە، «كەگەش — تېيىز، دۆڭ، كەگەش سۇ — تېيىز سۇ» دەپ ئىزاھلانغان. ھازىرقى كۈنەس دەرياسى يېيىلىپ، دۆڭلۈكلەردىن ئاققاچقا «كەگەش سۇ» دېيىلگەن بولسا كېرەك. دېمەك، «كۈنەس» دېگەن بۇ نام «كەگەش» سۆزىدىن ئۆزگەرگەنلىكى مەلۇم («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 47- بەت).

**كۈيتۈڭ** [奎屯] ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر شەھەر ۋە دەريانىڭ نامى. بۇ نام ئەسلىدە تەڭرىتاغنىڭ ئىرەن قابىرغا تارمىقىدىن باشلىنىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئېقىپ، شەرقىي شىمالدىن غەربكە بۇرۇلۇپ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ

غەربىگە بارغاندا ئىبنۇر كۆلگە قۇيۇلىدىغان بىر دەريانىڭ نامى ئىدى. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار «كۆيتۇك» نامىنى موڭغۇل تىلىدا «بۇ جاي سوغۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچىك «شىنجاڭ-نىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 164- بەت؛ نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 144- بەت). ئەمەلىيەتتە بۇ نام قەدىمىي تىلدىكى «كۈتىن» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، «دەر-يا، ئېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنى-لى، 1996- يىل 3- سان، 48- بەتكە قاراڭ).

**كېرىيە** [于田(克里雅?)] خوتەن ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام كېرىيە دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئەمما تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «كېرىيە» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس. نيۇروچېن ئەپەندى «كېرىيە» نامىنى ئەرەب تىلىدا، «كەنت»، «بازار» مەنىسىنى بېرىدىغان «گارىيەت» (garyat) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇ-مىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 129- بەت). بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلە-گەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**كېگەن** [格干] ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغدىن باشلىنىپ، ئىلى ۋادىسىغا ئېقىپ چۈشىدىغان چوڭ سۇنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەردىكى تاغ ھەم بىر كەنتمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. «كېگەن» نامى «چوڭ كېگەن»، «كىچىك كېگەن» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «كەيكەن» بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «كەيكەن. قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرسى ‹ كىچىك كەيكەن› دېيىلىدۇ. بۇ كىچىك، يەنە بىرسى ‹ئۇلۇغ كەيكەن› دېيىلىدۇ. بۇ چوڭدۇر» (3- توم، 241- بەت). دېمەك، «كېگەن» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىرى چوڭ، بىرى كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككى دەريانىڭ نامى «كەيكەن» دۇر.

**كېڭەز جىلغىسى** [克阿孜吉勒尕沟] چىرا ناھىيە-سىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «كېڭەز» سۆزى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «kangas كەڭەس» سۆزى بولۇشى مۇمكىن، كېيىنچە بۇ سۆز «كەڭەز» گە ئاندىن «كېڭەز» گە ئۆزگەرگەن. «كەڭەز» گە قاراڭ.

## گ

**گەز دەريا** [盖孜河] ئاقتۇ ناھىيىسىدە، ئاقسايباش تېغىدىن باشلىنىدىغان مۇز سۇ، مۇز تاغدىن باشلىنىدىغان كەڭشۇەر دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا — گەز دەرياسى، قەشقەر تەۋەسىگە ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، يوپۇرغا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى تىلدا، «گەز» نىڭ مەنىسىنى «پەرسىز ئوق» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؛ جانلىق تىلدا «گەز، گەز باغلىماق، لېۋى قۇرۇماق» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، بۇ دەريانىڭ ئېقىپ ئۆتىدىغان يەرلىرى دوڭ-جىرا ھەم شورتاڭ بولغاچقا، «ئوقتەك (ئوچقانىدەك) ئاقىدىغان شور دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 48- بەت). «ئاقتۇ ناھىيىسى يەرناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نەشرى، 175- بەت) دە گەز دەرياسى-نىڭ نامىنى «قىرغىز تىلىدا تارماق سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ خاتا.

**گور جىلغا** [戈尔吉勒尕] كۇچا ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە گۆر جىلغا دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار. «گور جىلغا» ئەمەلىيەتتە «گۆر جىلغا» بولۇپ، جىلغا ئىچىدە قەبرە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. «گۆر جىلغا» دېگەن بۇ نامنى «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇغىتى»

ده خاتا ھالدا «گور جىلغا» دەپ ئالغان بولسا كېرەك. چۈنكى خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى « 戈尔 » پۈتۈنلەي «گور» ئوقۇلىدۇ. شۇڭا خاتا ھالدا «گور جىلغا» دەپ ئالغان بولسا كېرەك.

**گۇلاخما** [固拉合玛] خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيە- سىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئەللەرگە ساياھەت قىلغان شۈەن زاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دە «پىمو» (媲摩) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن.باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ شەھەرنىڭ نامى يەنە « 宁弥 »، « 杆弥 »، « 杆深 »، « 拘弥 » دەپ خاتىرىلەنگەن («سىخەي» 663- بەت). بۇ يەردىكى « 拘弥 » (جۈمى) نامىنى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى قەدىمدە «گۇلە- ما»، «گۇلە- ما»، «گولھەمى»~ «گولھەمى» دەپ ئوقۇلغان بولۇپ، «ئېگىز نوكچاخانا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 48- بەت) دەپ ئىزاھلىغان. ئەمما «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 5- باب، 83- ۋاراق، 16- قۇردا «پىمو» (媲摩) شەھىرىنىڭ نامى «بىم بالىق» دەپ ئېلىنغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 1- سان، 107- بەت). قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «phimmamna» دەپ، قەدىمكى تۈبۈتچە ھۆججەتلەردە «phye — ma» ياكى «bye — ma» دەپ، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان مۇسۇلمان ھۆججەتلىرىدە «pima» دەپ، «مار- كوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە «pem» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بەزىلەر بۇ سۆزنى سانسكرىت تىلىدىكى «Bhima» (قەدىمكى ئۇدۇن- لۇقلار چوقۇنغان ئىلاھنىڭ نامى) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېيىشە يەنە بەزىلەر تۈبۈت تىلىدا «قوۋم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «bye—ma» دەپ قارايدۇ (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان. شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە 1028-، 1209- بەتلەرگە قاراڭ). كۆپلىگەن تەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىقاتچىلار « 杆弥 » نى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇزۇن تاتى (uzun — tati) ۋە ئۇلۇغ مازار (زەرەت) Ulugh — ziarat ئەتراپىدا، دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقىدەك). سىن جوگمىيەن ئەپەندى « 拘弥 » نامىدىكى « 拘 » خېتىنى kiu دەپ، « 杆弥 » نامىدىكى « 杆 » خېتىنى «rān» دەپ ئوقۇپ، «khe — ma» دەپ قوشۇپ ئوقۇيدۇ ھەمدە كاروشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىكى «khe — ma» بىلەن باغلايدۇ (سىن جوگمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە، 1- قىسىم، 56-، 57- بەتلەر). «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇزۇن تېتىر دۆلىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇزۇن تېتىر شەھىرىنىڭ «.... غەربىدىن ئۇدۇنغا 390 چاقىرىم كېلىدۇ» (شۇ كىتاب، ئۇيغۇرچە، 860- بەت) دېيىلىدۇ. بۇ شۇەنزاڭنىڭ «〈ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى〉» دە ئېيتىلغان «خان ئوردىسى (ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئوردىسى) دىن شەرققە قاراپ 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۇرگەندە، چوڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغىلى بولىدۇ... ئۇ يەدىن يەنە شەرققە قاراپ 30 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۇرگەندە، بىم بالىققا (媲摩) بارغىلى بولىدۇ» (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان. شۇەنزاڭ «〈ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى〉 نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، خەنزۇچە، 1025-، 1026- بەتلەرگە قاراڭ) دېگەن بايانىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى گۇلاخما يېزىسىنىڭ ئورنى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 90 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

**گۇچۇڭ** [奇台] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «گۇچۇڭ» نامى خەنزۇ تىلىدىكى «قەدىمكى شەھەر» مەنىسىدىكى « 古城 » سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، «چيەن لۇڭنىڭ 24- يىلى بۇ يەردە چىتەي قورغىنى سېلىنغان» («چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت بايانلار»، 9- تەزكىرە، 2375- بەت) دىن كېيىن، «چىتەي 奇台 »

دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. «كوچوك» (古城) بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ ئاتىلىشى ئىدى.

**گوما** [皮山(古玛?)] خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدىكى ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «گوما» نامى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت، بەزىلەر «گومان» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارىسا، بەزىلەر «قوم ئاق» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر «قوما» (توخۇ سولايدىغان كاتەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. «گوما» نامىنىڭ ئۆزى بولسا، قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما قەدىمكى گوما بەگلىكىنىڭ ئەسلى نامى «پىشە» (ھازىرقى پىشنا يېزىسى) بولۇپ، قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا دەۋر نۇقتىسى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان خەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «گوما» نامى ھازىر خەنزۇ تىلىدا « 皮山 » دەپ ئاتىلىدىغان نامدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم ئېتنىك نام. نيۇروچېن ئەپەندى «گوما» نامىنى تۈبەت تىلىدا «ئوغرى، قاراقچى» دېگەن مەنىدە، دەپ قارايدۇ. لى شيەنلىن ئەپەندى «گوما» نامىدىكى «گو» (go) نى سانسكرىت تىلىدا «يەر، چوڭ يەر» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىرگە بۇ سۆزنى يەنە «زېمىن، دۆلەت» مەنىدە ياكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نامى دەپ قارايدۇ (لى شيەنلىن ئىزاھلىغان. شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، 1003- بەت). تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «گوما» نامىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «قوما» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «زىغىر» مەنىسىنى بېرىدۇ. «قوما» سۆزى تۈبۈتلەر مىلادى 670- يىلدىن 866- يىلغىچە ئارىلىقتا خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارنى بېسىۋالغاندا، تۈبەت تىلىنىڭ فونېتىكىسى بويىچە «گوما» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن («ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997- يىل 4- سان، ئۇيغۇرچە نەشرى، 88- بەت).

**گورت** [古尔图(特?)] شىخو، دۆربىلجىن ناھىيىلە-

رىدىكى دەريا، يېزا نامى. خەنزۇ يېزىقىدا دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى «گۇرت» يېزىسىنىڭ نامى «ئەرداۋچياۋ» (二道桥) دەپ ئېلىنغان، بۇ خاتا. بىزنىڭچە «گۇرت» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىرغاي» مەنىسىنى بېرىدىغان «كۇرت» سۆزىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. «كۇرتى» غا قاراڭ.

**گېرەم** [格兰(拉?)木] كورلا شەھىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى كەنت، داۋان، جىلغا (گېرەم ئېقىن جىلغىسى) نامى. بۇ نامىنىڭ ئەسلىسى «كەرەم karam». «گىرەم قوتان» غا قاراڭ.

**گىرەم قوتان** [格兰(拉?)木阔坦] يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى يەر نامى. «گىرم قوتان» نامىدىكى «گىرەم» سۆزى پارس تىلىدا «ئىسسىق، يېقىملىق، قىزغىن» مەنىسىنى بېرىدىغان «گەرم» سۆزى بولۇپ، بەزىدە «گەرەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك». 504- بەتكە قاراڭ). «گەرەم» سۆزى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «karam» دەپ ئېلىنىپ، «گەرەم، گەمە» دەپ ئىزاھلىنىپ، «يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تىلىدا» ئاتىلىشى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 517- بەت). دېمەك، بۇ يەردىكى «گىرەم قوتان» نامى «ئىسسىق قوتان (مال سولايدىغان ئېغىل)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىزاھ: «گىرەم - گەرەم، گەمە» دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

## ل

**لاپچۇق** [拉布楚克(?)] قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر كەنت نامى. بۇ، قۇمۇل رايونىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى. ئەپسۇسكى، بىز بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ نامى ھەققىدە

مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىزدە بۇ ھەقتىكى ئەتىقاتلارمۇ يوق دېيەرلىك
بولغاچقا «لاپچۇق» نامى ھەققىدە بىرەر ئۇلگىلىك قاراشقا ئېرىشەلمە-
دۇق. پەقەت ئايشەم ئەخمەت خانىم تۈزگەن «قۇمۇل» دېگەن ئەسىرىدە-
لا «لاپچۇق» نامىنى «لوپ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەنلى-
كى ئېيتىلىدۇ (ئايشەم ئەخمەت تۈزگەن «قۇمۇل»، 261- بەت). قەدىمە-
دە لاپچۇقتا قۇرۇلغان قەدىمىي شەھەر (يەنى لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى)
خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «ناجى» (纳职) دەپ خاتىرىلەنگەن.
بۇ نام ئەڭ دەسلەپ «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 44- جىلدىدا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا (ناجى ناھە-
يىسى جىلدىدا — ئا): «جىڭگۇەننىڭ 4- يىللىرىدا، بۇ شەھەرنى نوبچان
(鄯善) لىقلار قۇرغان، غوز (ئۇيغۇر — ئا) تىلىدا نوبچان
ناجى (纳职) دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇ ناھىيىگە مۇشۇنداق نام بېرىلگەن»
(سىن جوگىيەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى جۇغراپىيە
ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 17- بەت؛ فېڭ
چېنجۈن «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىدىن
تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى،
20-، 21- بەتلەرگە قاراڭ). بۇ يەردىكى «جىڭگۇەننىڭ 4- يىلى»
مىلادى 630- يىلىنى كۆرسىتىدۇ. فېڭ چېنجۈن ئەپەندى بۇ بايان
بىلەن «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» (40- جىلد) دىكى
«ئىۋىرغول (伊吾) — قۇمۇلنى كۆرسەتكەن، توغرىسى «ئۇيغۇرغول» —
ئا». (كېيىنكى ۋېي، كېيىنكى جۇ خانلىقلىرى دەۋرىدە نوبچان
(鄯善 ھازىرقى چاقىلىقنى، يەنى قەدىمكى پىشامشاننى كۆرسەتسە
كېرەك — ئا) دا رۇڭ (戎) لار ئولتۇراقلاشقانىدى» (فېڭ چېنجۈن
ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 21- بەت). دېگەن بايانى كىشىنى ئەڭ
قىزىقتۇرىدۇ. «纳职» نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى «Napcik» بولىدۇ،
بۇ سۆزدىكى «Nap» «ئادەم ياكى يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
تىبەتچە ماتېرىياللاردا «Nob» دەپ ئاتالغان بولسا، يېقىنقى دەۋردە
موڭغۇل تىلىدا «Lop» دەپ ئاتالغان، دەپ قاراپ بۇنى «لاپچۇق»

(Lopcuk) بىلەن باغلايدۇ ھەمدە ئاخىرقى بوغۇمى يەرلىك تىلدا ئۆزگەرگەن ۋە «Lap» دەپ ئاتالغان، دەيدۇ. ئۇ يەنە «غۇز 胡»، تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر تىللىرىدىكى بۇ 4 خىل نام بىر مەنبەدىن چىققان، چوقۇم بۇ ناملارنىڭ ھازىرقى لاپچۇق بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ قاراپ، دىڭلىڭلار (تۇرالار) نىڭ پىشامشان (چاقىلىق)نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئاھالىلەرنىڭ چەرچەندىن باشقا، يەنە ئۇشۇرغولغا كۆچكەنلىكىنى مىسالغا ئالىدۇ (يۇقىرىقىدەك). سىن جوڭمىيەن ئەپەندى 1414- يىلى غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغان چېن چېڭ، لى شىيەنلەرنىڭ سەپەر خاتىرىسى «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دىكى «....(قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى باغنىڭ ئەتراپىدىكى قونالغۇدا بەش كۈن تۇرغاندىن كېيىن — ئا) 16- كۈنى سەھەردە، يەنە غەربكە قاراپ سەپەر قىلدۇق، بۇ تەرەپتە بىر قەدىمىي شەھەر بار ئىكەن، بۇ شەھەر لاجۇ (腊竺) دەپ ئاتىلىدىكەن» («قەدىمكى غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 265- بەت) دېگەن خاتىرىسىدىكى «لاجۇ (腊竺)» شەھىرىنىڭ نامى ھازىرقى لاپچۇقنىڭ تەرجىمىسىگە يېقىن كېلىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى «ناجى 纳职» شەھىرىنىڭ ئورنىمۇ ھازىرقى لاپچۇقتا، شەرقىدىن قۇمۇلغا 140 چاقىرىم كېلىدۇ. لاجۇ شەھىرىنىڭ نامىمۇ تاڭ دەۋرىدىكى «纳职» (Nopchik) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ (سىن جوڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 707- بەت). ئۇ يەنە «Nob» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، «شاجۇ ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى» («沙州国经») دا تىلغا ئېلىنغان «努支» نامىنىڭ (بىزنىڭچە، بۇ نام «纳职» نامىنىڭ يەنە بىرخىل ترانسكرىپسىيىسى بولسا كېرەك؟ — ئا) سوغدى تىلىدا «Noc» دەپ ئوقۇلۇپ، «يېڭى» دېگەن مەنىنى بىرىدىغانلىقىنى، شۆەنزاڭ خاتىرىسىدىكى (Nayapura) «纳缚波» نامى ئىكەنلىكىنى ھەمدە Noc نىڭ سانسكرىتچىلاشقان شەكلى Nov ياكى Nav ئىكەنلىكىنى، تىبەت تىلىدىكى Nob نىڭ سانسكرىتچە شەكلى Nav نىڭ ترانسكرىپسى-

يىسى ئىكەنلىكىنى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە n تاۋۇشىنىڭ L تاۋۇشىغا ئالماشقانلىقىنى دەلىللەيدۇ (سىن جوڭمىيەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 17-، 23- بەتلەرگە قاراڭ). دېمەك، «لاپچۇق» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى سوغدى تىلىدا «يېڭى» مەنىنى بىلدۈرىدىغان «Noc» (نوچ) سۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. «چۇق» (cuk) سۆزىنى فېڭ چېنجۈن ئەپەندى تۈرك تىلىدىكى ئۇلانما سۆز، مۇنداق سۆز شىنجاڭ يەر ناملىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، دەپ قاراپ، «بارچۇق»، «شورچۇق» ناملىرىنى مىسالغا ئالىدۇ (فېڭ چېنجۈننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، خەنزۇچە نەشرى، 34- بەت).

**لاۋلاق** [老拉克(?)] پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى غولتوغراق يېزىسىغا قاراشلىق يەر شارائىتىنى بىلدۈرىدىغان مەھەللە نامى بولۇپ، ئابلەت ئابباس ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «موم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «لاۋ» سۆزىگە ئىسىم ئارقا قوشۇمچىسى «لاغ» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن، موملۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4- سان، 54- بەت).

**لوپ** [洛浦] خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نام بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يەر نامى بار. ئۇ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى «لوپنور كۆلى» ۋە شۇ كۆلنىڭ (ئەمەلىيەتتە كۆللەر توپىنىڭ – ئا) نامىدىن كەلگەن «لوپنور ناھىيىسى» دۇر. بىزنىڭچە «لوپ» نامى قەدىمكى «لوپ» كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «لوپ» سۆزى ھەققىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس. رادلوف بۇ سۆزنى «چوڭ دۆگىلەك»، «كېسەك-كېسەك»، يەنى چوڭ چەمبەر سۇ، پارچە-پارچە سۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «دەريا-ئېقىنلار ھەققىدە خاتىرە» دە «لوپ مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) تىلىدا يىغىلغان سۇ

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبىدىن سۇ ئېقىنلىرى يىغىلىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان» دېيىلگەن، بۇ قاراش رادلوفنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلايدۇ. يەنە بەزىلەر «لوپ» Lop تۈبۈت تىلىدا «دىن، ئېتىقاد» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «Lopba» بولسا، «ئۆگەتكۈچى» «تەربىيەچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىسا؛ بەزىلەر ھىندى تىلىدا «Lop» سۆزى «ئېتىقاد قىلغۇچى، باش قويغۇچى» دېگەن مەنىدە، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئىران تىلىدىكى «Lab» (Lop) (ئاق رەڭ) سۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ. (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 129- بەت). قەدىمكى تۈبۈتچە ۋەسىقىلەردە «لوپ» نامى «Nob» دەپ يېزىلغان بولۇپ، چوڭ پىچان Nob—chen، كىچىك پىچان Nob—chung دەپ ئاتالغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 49- بەت). سىن جوڭمىيەن ئەپەندى لوپ سۆزىنى سوغدى تىلىدىكى «يېڭى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «Noc» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش بىلەن بىرگە، بۇ نام سانسكرىت تىلىدا «Nav» دەپ، تىبەت تىلىدا «Nob» دەپ ئاتالغان، كېيىن «Lop» دەپ ئاتالغان، دەپ قارايدۇ (سىن جوڭمىيەن «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 23- بەت). بىزنىڭچە سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ قارىشى ئىلمىيلىققا ئىگە.

**لوپنۇر** [尉犁(罗布泊?)] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بىر كۆلنىڭ نامىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. تارىختا لوپنۇر-چاقىلىق رايونلىرى بىر رايون ھېسابلىنىدۇ، بۇ جايدا قۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ ئورتاق زېمىنى ئىدى. «لوپنۇر» نامى «لوپ» ۋە «نۇر» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قوش تىللىق يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. «نۇر» موڭغۇل تىلىدا «كۆل، كۆلچەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈ-

رىدۇ. بۇ جاينىڭ ئەسلى نامى «لوپكۆل» بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇللار-
نىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن، شىنجاڭ كۆل رايونلىرىغا ئاساسەن بۆلۈن-
گەندە، «لوپنور» دېگەن بۇ نام رەسمىي تىلغا ئېلىنىدۇ. «لوپ» قا
قاراڭ.

**لوپئېرىق** [罗布艾日克] كورلا شەھىرىدىكى بىر
جاينىڭ نامى. بۇ ھەقتە ئېنىق ماتېرىيال يوق. «لوپ» لۇقلار جايلاشقان-
لىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك. «لوپ» قا قاراڭ.

**لۈكچۈن** [鲁克沁] تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيىسى-
دىكى بىر بازارنىڭ نامى. پىچان ناھىيىسىدە يەنە بىر كەنتمۇ مۇشۇ
بازار نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ، قەدىمكى دەۋلەردىكى تۇرپان رايونى
(ئىدىقۇت ياكى قوچۇ رايونى) دىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى.
«لۈكچۈن» نامى ناھايىتى قەدىمكى نام بولۇپ، جۇڭگو تارىخ ماتېرىيال-
لىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ فەن يې، سىمابياۋلار يازغان «كېيىنكى
خەننامە» دە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا (لىۇجۇڭ) «柳中» دەپ ترانسكرىپسىيە
قىلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە «田地» شەھىرى
دەپ ئاتالغان. «چاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»
دە: «六中» دەپ ئېلىنغان. قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «柳» خېتى بىلەن
«六» خېتى فونېما جەھەتتە ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. خامىلتون
ئەپەندى بىلەن بېرنخارد كارلگېرن ئەپەندى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى
«六» خېتىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «liuk» (يەنى «lük» كە يېقىن
ئوقۇلىدۇ ـ ئا) دەپ كۆرسىتىدۇ. (ج. ر. خامىلتون «بەش دەۋردىكى
ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، خەنزۇچە نەشرى، 182-
بەت)؛ بېرنخارد كارلگرېن «خەنزۇ تىلىنىڭ شىۋە لۇغىتى»، ئىنگ-
لىزچە نەشرى، 182- بەت)؛ بېرنخارد كارلگرېن ئەپەندى «中»
خېتىنى «tiuug～tsung» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (يۇ-
قىرىقى كىتاب، 360- بەت). «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «鲁古尘»
دەپ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «鲁城» ياكى «柳中» دەپ،

«موگغۇل تارىخىدىن خاتىرىلەر» دە « 鲁克察克 » دەپ، «شىنجاڭ ھەققىدە ئۇمۇمىي چۈشەنچە» دە « 鲁克沁 » دەپ، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە « 鲁克察克 » دەپ، «غەربىي يۇرتتا كۆر-گەن-ئاڭلىغانلىرىم» دا« 鲁克沁 ياكى 陆布沁 »دەپ ئېلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايىسى ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان ترانسكرىپسە-يىلەردۇر. 1414- يىللىرىدا غەربىي يۇرتقا ساياھەت قىلغان چېن چېڭ بىلەن لى شيەنلەرنىڭ يول خاتىرىسى — «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» ( 西域行程记 «غەربىي يۇرتتىكى سەپەر خاتىرىسى » ؟ — ئا) دە: «... 25- كۈنى سەھەردە، يەنە غەربىي شىمالغا قاراپ يول يۈرۈپ.... تەخمىنەن يەنە 90 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، لۈكچۈن (鲁陈城) شەھىرىگە كەلدۇق. شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە ساراي (قونالغۇ) بار، بۇ يەردە تۆت كۈن تۇرۇپ قالدۇق» («قەدىمكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 266- بەت) دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق مىللەتلەر تەزكىرىسى» دە بۇ نام ھەققىدە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «مۇسۇلمان (ئۇيغۇر —ئا) تىلىدا 〈توپلانماق〉 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقاچقا، شۇنداق ئاتالغان» (سىن جوگمىيەن «جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ تارىخ-جۇغ-راپىيىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش» ، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 705- بەت). تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئۇسمىش قاتارلىقلارنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتى» (ئىككى پارچىسىدە) بىلەن «ما-جىرانى بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدىكى كېلىشىمنامە» دە «لۈكچۈن» نامى «lükcüng» دەپ خاتىرىلەنگەن (لى جىڭۋېي «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستى-دە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 85-، 90-، 323- بەتلەرگە قاراڭ). دېمەك، «لۈكچۈن» نامى قەدىمدە «لۈكچۈڭ» («lükcüng») دەپ ئاتالغان بولۇپ، «لۈكچۈن» (lükcün) ئەمەس. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغى-تى» نى تۈزگۈچىلەر «لۈكچۈڭ» نامىنى خەنزۇچە نام دەپ كۆرسىتىدۇ

(شۇ كىتاب، 376- بەت). بىزنىڭچە، بۇنىڭدا چوقۇم خاتالىق بار،
ئېھتىمال قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى «柳(六)中» (قەدىمكى ئوقۇلۇشى
liuktiung) بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى شۇ خەتنىڭ قەدىم-
كى ئۇيغۇر تىلىدىكى ترانسكرىپسىيىسى، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.
يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك، قەدىم-
كى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇزۇك، كېسەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان
«لەكچىن» (lakqin) سۆزىدە گۇمان باردەك قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى «lükcüng» (lükqüng) دەپ ئاتىلىشى «لەك-
چىن» (lakqin) گە توغرا كەلمەيدۇ. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى قەدىمكى
خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «鲁克沁» نى «لەكچىن» (lakqin) دەپ
ترانسكرىپسىيە قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ترانسكرىپسىيە قائىدىسىگە
ئۇيغۇن كەلسمۇ، ئەمما «沁» خېتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
ئاتىلىشى بولغان «lükcüng» سۆزىدىكى «cüng» نىڭ خەنزۇ تىلىدى-
كى ترانسكرىپسىيىسى، ئۇنى يەنە قايتىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ترانسكرىپسىيە
قىلغاندا، «qen» دېيىشكە بولمايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇچتۇرپان (قەدىمكى ئۇچ شەھىرى)
ناھىيىسىدە «لۇكچۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت قۇرۇلغان بولۇپ،
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخي ئەسەرلەردىن «غەربىي يۇرتتىكى
ئوخشاش تىللىق مىللەتلەر تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسى» دە «鲁克蔡克» دەپ، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلى-
غانلىرىم» دا «鲁克沁» دەپ تىلغا ئېلىنغان ھەم «غەربىي يۇرتنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە لۇكچۇن «غەربىي شىمالدىن ئۇچ شەھىرىگە
110 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن (ئاپتورى نامەلۇم «غەربىي يۇرتنىڭ
خەرىتىلىك تەپسىراتىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 20- بەتكە قاراڭ
«西域地理图说»). قانداقلا بولمىسۇن، بۇ نام پىچاندىكى «لۇك-
چۇن» نامىنىڭ كۆچۈرۈلمە نامى بولۇپ، بۇ نامنىڭ كۆچۈرۈلۈشى
جۇڭغارلارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان قانلىق سىياسىتى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك.

**ماجا-ماجار** [马加—马札儿 Magyar] قەشقەر
ۋىلايىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى ۋە
خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇساللا يېزىسىدىكى بىر كەنت
نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش
بار، ئۇنىڭ بىرى، قەدىمكى يەر نامى دېيىلگەندە، قەدىمكى ئون ئوغۇرلا-
ردىن بولغان ۋېنگىرلارنىڭ ئۆز نامىدىكى «ماجار» دېيىلگەندىن كەلگەن.
يەنە بىرى، يېقىنقى زامانلارغا سۈرگەندە، موڭغۇل-تاتار دەۋرىدە، شۇلار-
نىڭ تەركىبىدە قېلىپ قالغان ماجارلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ جايلاش-
قان بولۇشى مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل
3- سان، 49- بەت). بىزنىڭچە، «ماجار» نامى قەدىمكى دەۋرلەردىكى
«ئون ئوغۇز» (ئونغۇر — كېيىن ھونغۇر دەپ ئوقۇلغان — ئا) لارغا
تۇتۇشىدۇ. ھازىرقى ۋېنگىرلار (يەنى ئونغۇرلار — رۇسچە ئوقۇلۇشى
ۋېنگىر — ئا) ئۆزلىرىنى «ماجارلار» دەپ ئاتايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرى-
دىن قارىغاندا «ماجار —Magyar» ھازىرقى ۋېنگىر (ئۈگىر — ئۈگۈر
— ئۇغۇر — ئۇيغۇر — ؟) تىلىدىكى ئاتاش بولۇپ، قەدىمكى ۋېنگىر تىلىغا
ئوخشىمايدۇ. قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدا «a» تاۋۇشى يوق. قەدىمكى
تىلدىكى «u» تاۋۇشى ھازىرقى زامان تىلىدا «o» تاۋۇشىغا، «ü»
تاۋۇشى «θ» تاۋۇشىغا، «o» تاۋۇشى «a» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. شۇڭا
ئې. پارتىرىدگې ئەپەندى «Magyar» سۆزىنى قەدىمكى تىلدا
«Mogyeri» دەپ ئوقۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مىنورىسكىي ئەپەندى ۋېنگى-
رىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، بۇ سۆز قەدىمكى «Mojgher»
سۆزى دەپ قاراپ، بۇ سۆز «Moj» ۋە «gher» سۆزىدىن تۈزۈلگەن،
«gher» سۆزى بىلەن باشقىرت (Bashqir, Basḥghir, Bashghird) سۆزى
ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك دەپ كۆرسىتىدۇ. مېمېت ئەپەندى
«Bashghir» سۆزىنى تۈرك تىلىدىكى «bash» سۆزى بىلەن
«ghur» سۆزىدىن تۈزۈلگەن (يەنى 5 تارماق قەبىلە دېگەن مەنىدە)
دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىرتلار بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدا

ياشايدىغان ۋېنگىرلار بىر-بىرسگە ئارىلشىپ كەتكەن ھەم «Mojgher» بولۇپ شەكىللەنگەن؛ «gher» سۆزى «Bashghir» سۆزىنىڭ ئاخىر-قى بوغۇمىنىڭ دەل ئۆزى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلەر ماجارلارنى يەنە باشقىرتلار دەپمۇ ئاتىغان دەپ قارايدۇ (گوك فاگجېن «جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ سىگنىشى»، خەنزۇچە نەشرى، 110- بەتكە قاراڭ). مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 38- بەتتە باشقىرت قەبىلىسىنى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە دەپ ساناپ، ئۇلارنى رۇمنىڭ شەرقىدىكى يەمەك قەبىلىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مىنورسكىي ئەپەندى بىلەن مېمىت ئەپەندىلەرنىڭ مۇلاھىزىسىدىن قارىغاندا، «ماجار» سۆزى قەدىمكى تۈركى قەبىلىلەردىن بولغان باشقىرت قەبىلىلىرىنىڭ نامى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «Magyar» سۆزى قەدىمدە «Mogher» دەپ ئوقۇلغان.

**ماچاڭ** [马场(玛昌?)] مارالبېشى، ئاقتۇ، يەكەن، ئۇلۇغچات، پىچان ناھىيىلىرىدىكى يەر نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «چاڭ ئۆگەتكۈچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مارچاڭ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. «چاڭ» غا قاراڭ.

**مارالبېشى** [巴楚(玛拉巴什?)] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. ئېغىز تىلىدا «مارالۋېشى» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «مارالبېشى» دەپ ئاتىلىشتىن بۇ جاينىڭ نامى «بارچۇق» بولۇپ، بۇ نام 1902- يىللىرىدا ئىستېمالدىن قالغان («مارالبېشى تارىخىي ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 20- بەت). «مارالنىڭ بېشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**ماناس** [玛纳斯] بۇ نامدا ئاتىلىدىغان ئۈچ جاي بار. بىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى كۆلنىڭ نامى. يەنە بىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر)نىڭ نامى. ئۈچىنچىسى، ماناس ۋە ساۋەن ناھىيىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ماناس كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بىرىنچىدە، ماناس كۆلىنىڭ نامى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسلى يىلتىزلىق نام بولۇپ، شۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريانىڭ نامى — ماناس دەرياسى ماناس كۆلىنىڭ كۆچۈرۈلمە نامى. ماناس ناھىيىسىنىڭ نامى بولسا، ماناس دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن ئىككىنچى كۆچۈرۈلمە نام. «ماناس» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بەزىلەر موڭغۇل تىلىدا «چارلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 143-، 153-بەتلەرگە قاراڭ) دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل چۈشەندۈرۈش چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسەردىكى بايان بولۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا دائىم كىشىلەر چارلاش ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ماناس دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن (يۈۋپىيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 143- بەتكە قاراڭ). ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ماناس» - «ما-نا-ئاس» سۆزىدىن تۈزۈلگەن. «مانا» بىرەر دەرەخ، ئۆسۈملۈك ياكى تەبىئىي مەۋجۇدات ياكى ھادىسىلەردىن بىرەرسىدە ئىلاھىي كۈچ سۈپىتى-دە نامايان بولىدىغان قۇۋۋەت. «ئاس»- ئاسىغ- «مەنپەئەت، پايدا» دېگەن سۆز. ماناس -پايدىلىق -قۇتلۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سانسكرىت تىلىدا «ماناس» سۆزى «كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 49- بەت). بىزنىڭچە، كېيىنكى قاراش توغرا بولسا كېرەك.

**ماندالىق** [曼达勒克] چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرىدىكى تاغ، دەريا، ساي نامى. «چاقىلىق ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ماندالىق تېغى» نىڭ نامىنى «ماندا ئۆسۈملۈكى ئۆسىدىغان تاغ» دېگەن مەنىدە (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 103- بەت)، دەپ ئىزاھلىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ نامى «ماندار» بولۇپ، يۆگىمەچ تىپىدىكى ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 236- بەت).

**مايتاس** [玛依塔斯] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «تاش» ئىبارىسى قازاق تىلىدا «تاس» دېيىلىدۇ. مەنىسى «مايلىق تاش»، «ماي تەپچىپ تۇرىدىغان تاش» ياكى «مايدەك پارقىرايدىغان تاش» دېگەن مەنىدە.

**مايمۇنتاش** [玛依门塔什] ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدىكى جىلغا نامى. «ئاتۇش ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «...مايمۇنتاش ئۇيغۇرچە مايمۇنغا ئوخشايدىغان تاش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى تاغدا بىر تاش بولۇپ، خۇددى مايمۇنغا ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان» دەپ كۆرسىتىلگەن («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1999- يىل 12- ئاينىڭ 25- كۈنى، 3- بەت). ئېھتىمال بۇ يەردىكى «مايمۇنتاش» دېگەن بۇ سۆز بۇ جايدىكى بالىلارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

**مەشەت** [买谢特] ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. مەرھۇم رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇ نام ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى «مەشھود» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «شەھىدلەر كۆمۈلگەن يەر» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، «مەشھود» سۆزى «مەشھەد» گە، ئاندىن «مەشھەت» كە، ئاندىن «مەشەت» كە ئۆزگەرگەن. بەزى ھاللاردا «مەيشەت» مۇ دېيىلىدۇ (غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 651- بەتكە قاراڭ). قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خانى سۇلتان ساتۇق (سۇتۇقمۇ دېيىلىدۇ) بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددىست تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىگە چىقىدۇ ھەمدە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بۇددىست ئۇيغۇرلار (تات ئۇيغۇرلار، كاپىر ئۇيغۇرلار) نى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانلىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قانلىق جەڭدە شەھىد بولغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇڭا بۇ يەر

خەلق ئارىسىدا «مەشھەت» (شەھىدلىك) دەپ ئۇلۇغلىنىپ، مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان. بۇ جايدا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندىگەن ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ قەبرىسىمۇ بار.

**مەكىت** [麦盖提] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. نيۇرۇچېن ئەپەندى «مەكىت» نامىنى ئىران تىلىدىكى «شەھەر» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ (نيۇرۇچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 137- بەت). ئەمما باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشى پۈتۈنلەي باشقىچە. مەسىلەن، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «مەكىت» نامىنى «مەركىت» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە، كېيىنكى قاراش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

**مورى** [木垒] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. تارىختا مورى، باركۆل رايونلىرى بىر پۈتۈن زېمىن ئىدى. «مورى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر موڭغۇل تىلىدا «ئات بېشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېسە، بەزىلەر موڭغۇل تىلىدا «چوڭ يايلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ (نيۇرۇچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 142- بەت). يەنە بەزىلەر، «مورى» دېگەن بۇ نام خەنزۇچە نام، باركۆل نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىكى « 蒲类 » نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 128- بەت). مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «باركۆل» نامىنى «بۆرى» نامىدىن كەلگەن، دەپ قاراپ، «مورى-بۆرى، ئەسلىدە باركۆلنىڭ ئىسمى بولۇپ، تارىختا بىر پۈتۈن ئىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ (ئالىمنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي

ژۇرنىلى»، 1989- يىل 4- سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ).
«ئوكيانۇس» (بىر توملۇق «سىخەي»، خەنزۇچە نەشرى، 1245- بەت)
تا: مورىنىڭ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «蒲类» دەپ ئاتالغانلىقى،
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «木垒» گە ئۆزگەرتىلگەنلىكى كۆرسىتىلدۇ.
بىزنىڭچە، «مورى» نامى تۈپ مەنىسىدىن خەنزۇچە نام، ئۇ «باركۆل»
نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللىرىدىكى ترانسكرىپسىيىسى، دې-
يىشكە بولىدۇ. «باركۆل» گە سېلىشتۇرۇڭ.

**موغال** [莫尕勒] «موغال» نامىدا ئاتىلىدىغان يەر
ناملىرى شىنجاڭدا كۆپ ئۇچرايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە: مارالبېشى ناھىيە-
سى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى موغال سېلىقى كەنتى، يوپۇرغا ناھىيىسى
تېرىم يېزىسىدىكى موغال ئېرىق كەنتى، يەكەن ناھىيىسى خاڭدى
بازىرىدا (يۇقىرى، تۆۋەن) موغال كەنتى ۋە تاغارچى يېزىسىدا موغاللا
كەنتى، پوسكام ناھىيىسى يىما يېزىسىدا موغاللا كەنتى، ئۇندىن باشقا،
قاغىلىق، پەيزاۋات، يېڭىسار ناھىيىلىرىدىكى بىر مۇنچە كەنت مۇشۇ نام
بىلەن قوشۇلۇپ ئاتالغان؛ خوتەن ۋىلايىتىدە: گۇما ناھىيىسى سانجۇ
يېزىسىدا موغاللا كەنتى، كېرىيە ناھىيىسى شەھەر ئىچىدە موغاللا بازىرى
(موغاللا ئۆستىڭى) دېگەنگە ئوخشاش يەر ناملىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ
نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشى
ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ، 14- 17- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى چاغاتاي ئۇلۇ-
سىغا مەنسۇپ ئېسىلزادىلەر ھېسابلاپ، «ئۇلۇغ موغۇللار ئەۋلادى» دەپ
بىلىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، «موغۇل» — قالماق دېگەن-
لىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان
ئىران خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى موللا فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا
خوتەن رايونىنى «موغۇلىيە» دەپ ئاتىغان ھەم «ئەمما موغۇلىيە دىيارى
قەدىمىي تىلدا موقان دەرلەر» دەپ كۆرسەتكەن («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى»، 1993- يىل 3- سان، 89-، 90- بەتلەرگە قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**موڭغۇلكۈرە** [昭苏(蒙古勒库热?)] ئىلى ۋىلايە-
تىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «موڭغۇلكۈرە» نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان بۇ ئىككى خەت (« 昭苏 ») ئەسلىدە «ئالتە سۇمۇل» (六苏木) سۆزىدىكى « 苏 » خېتى بىلەن «لاما ئىبادەتخانە-سى» (? — « 喇嘛栅昭 »)، « 昭 » خېتى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاتار تىزىلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ - ئا) دىكى « 昭 » خېتىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. «موڭغۇلكۈرە» دېگەن بۇ نام «موڭغۇللارنىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇجۇق** [木居克] توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جاي-
نىڭ نامى. «مۇجۇق» ئەينەن ساقلانغان نام. «مۇجۇق» سۆزى «بوسۇ-غا» ياكى «ئىشىك تۈۋى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋىسىدە «ئۇلگۇچەك مۇجۇق دېيىلىدۇ» (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 239 - بەت). دېمەك «مۇجۇق» دېگەن بۇ نام «كىرىش ئېغىزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇجى** [木吉] «مۇجى» نامىدا ئاتىلىدىغان بىر
نەچچە يەر نامى بار. ئاقتۇ ناھىيىسىدە «مۇجى» نامىدا ئاتىلىدىغان بىر دەريا نامى ۋە بىر يېزا نامى، بىر كەنت نامى بار. گۇما ناھىيىسىدە بىر يېزا، بىر كەنت ۋە بىر ئۆستەڭ نامى بار. قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا «مۇجى» سۆزى «ئارپا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، «مۇچۇ ~» «بورچۇ» سۆزلىرى «ئۇزۇم» (بور) دېگەن مەنە-نى بىلدۈرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 50- بەت).

**مۇخۇر** [莫(木?)乎尔] توققۇزتارا، قورغاس، دۆربىل-
جىن، ئارشاڭ، چاغانتوقاي، توقسۇن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى نۇقتا، كەنت، يېزا، ئېقىن نامى. «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «مۇخۇر ئېقىن» نامى (بەزىدە «موخور» دەپمۇ ئېلىنىۋا-تىدۇ - ئا) موڭغۇل تىلىدا «يولى يوق تۇيۇق ئېقىن» دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ (شۇ كىتاب، 232- بەت، خەنزۇچە نەشرى) دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، بۇ نام «تۈيۈق ئېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭدىن باشقا، بۆرتالا شەھىرىدىكى «مۇخۇرخار»، قومۇل، دۆربىلجىندىكى «مۇخۇر سۇ»، تولى، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىدىكى «مۇخۇرتاي»، خېجىك ناھىيىسىدىكى «مۇخۇر چاغانتى داۋىنى»، «مۇخۇر چاغان جىلغىسى»، يەنە بۆرتالا شەھىرىدىكى «مۇخۇر بۇلاق» قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل تىلىدا «تۈيۈق ئېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «موخۇر» سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، بەزى ھاللاردا ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ قوش تىللىق يەر ناملىرىنى ھاسىل قىلغان.

**مۇخۇرتاي** [木乎尔台] جېمىنەي، كۆكتوقاي، تولى ناھىيىلىرىدىكى نۇقتا ۋە دەريا نامى. «مۇخۇرتاي» نامىدىكى «تاي» سۆزى «كىچىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ موڭغۇل تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز، «كىچىك مۇخۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. «مۇخۇرتاي دەرياسى» مۇ ئوخشاشلا «كىچىك مۇخۇر دەرياسى» دېگەنلىك بولىدۇ. «مۇخۇر» غا قاراڭ.

**مۇش** [木什] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان يەر نامى بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 175- بەتتە ۋە 225- بەتتە ئىزاھلىنىشىچە، قەدىمكى تۈركى قوۋملەردىن بولغان چىگىللارنىڭ تىلىدا «مۇشۇك» نامى «مۇش» دەپ ئاتالغان. ئوغۇز قەۋملىرى بولسا، «چەتۈك» دەپ ئاتىغان (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 76- بەتكە قاراڭ). «چەتۈك» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**مۇقىر** [莫葫芦(莫克尔)] دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى سۇ ئامبارنىڭ نامى. «مۇقىر» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تونۇماق، ئىقرار قىلماق» («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 383- بەت) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسىمۇ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرەر نەرسە دېيىش قىيىندەك تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، «مۇقىر» نامى ئەسلىدە «مۇخۇر» نامى بىلەن ئوخشاش ھەم تەڭداش مەنىگە ئىگە سۆز بولۇشى كېرەك. ئاھاڭدارلىقدىن ئېيتقاندا، ياكى «مۇقىر» سۆزى قەدىمكى موڭغۇل تىلىدىكى ئەسلى ۋارىيانتى، «مۇخۇر» بولسا، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى بولسا كېرەك، ياكى «مۇخۇر» سۆزى موڭغۇل تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى بولۇپ، «مۇقىر» ئۇنىڭ ۋارىيانتى بولسا كېرەك، بىزنىڭچە ئالدىنقىسى مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. «مۇخۇر» غا قاراڭ.

**مىچۋەن** [米泉] سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ خەنزۇچە نام «گۇرۇچ كانى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ نام بۇ جايدا گۇرۇچ ھەم بۇلاقنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان.

**مىرەن (قارا مىرەن)** [米兰(喀拉米然)〈兰?〉]

«مىرەن» نامى بىلەن ئاتالغان ئىككى يەر نامى بار. بىرى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى «مىرەن دەرياسى»، يەنە بىرى چەرچەن ناھىيىسىدىكى «قارا مىرەن دەرياسى» دىن ئىبارەت. ئەمما 1966- يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» غا قارىغاندا، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ سالقىنقى كەنتى بىلەن كۆنچىبۇلاق كەنتىنىڭ ئارىلىقىدا، قارا مىرەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ بويىدا «قارا مىرەن» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كەنت بولغان، يەنە قارا مىرەن دەرياسىنىڭ مۇزتاغدىن باشلىنىدىغان باش ئېقىن تەرىپىدە «قارا مىرەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىركەنت بولغان ھەم چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە مىرەن دەرياسىنىڭ ئىككى باش ئېقىنىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا «مىرەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازار بولغان. بىزنىڭچە، ئەسلى نامى «قارا مىرەن» بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بەزى جايلاردا «قارا» سۆزى ساقلىنىپ قالغان ۋە بەزى جايلاردا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ نامنىڭ يىلتىزى بىر ئۇلۇغ دەريانىڭ نامى، يەنى «قارا مىرەن» بولسا كېرەك. «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ، بۈيۈك» مەنىسىنى بېرىدۇ. «مىرەن» سۆزى بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆزەن»، «ئېقىن»، «دەريا» مەنىلىرىنى بېرىدىغان «مۆرەن» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. «قارا مىرەن» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ دەريا» ياكى «ئانا دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تارىختا ئىككى پىچان، بىرى كىچىك پىچان، يەنى تىبەتچە ۋەسىقىلەردىكى نوبچۇن (Nobchun)؛ يەنە بىرى، چوڭ پىچان، يەنى نوبچېن (Nobchen) بار بولۇپ، كىچىك پىچان (Nobchu[g]) مىرەننى كۆرسىتىدۇ («غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 65-، 70- بەتلەرگە قاراڭ).

**مىشا** [米夏(莎?)] پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يېزا، بىر كەنتنىڭ نامى، يەكەن ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر يېزا نامى بار. «مىشا» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئېھتىمال موڭغۇل-تاتار يۇرۇشلىرىدە، ئۇلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن «مىشەر» قوۋمى نامىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. ئاھالىنىڭ ھەممىسى مىشەرلەردىن بولۇشى ناتايىن. مىشەر قوۋمىگە مەنسۇپ بىرەر شەخس ياكى بىر ئىككى ئائىلە جايلىشىپ ئۆزلەشتۈرگەن جايغا قويۇلغان نام بولۇشىمۇ مۇمكىن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 50- بەت). ئەمما ئابلەت ئابباس «مىشا» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىشە» نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى، يەر نامى بولۇپ كەلگەندە، «تېرە خالتا تىككۈچى» ياكى «تېرە خالتا تىككۈچىلەر يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ(يۇقىرىقى ژۇرنال، 1996- يىل 4- سان، 54- بەت) دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ن

**نوغايتۇ** [诺改土] غۇلجا ناھىيىسىدىكى كەنت، نۇقتا ۋە جىلغا نامى. «نوغايتۇ» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «نوغايتۇ، جۇڭغار تىلىدا ئىلان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» («غۇلجا ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 16- بەت) دەپ كۆرسەتكەن.

**نوغايتى** [诺改特] ئالتاي شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «نوغايتى» موڭغۇل تىلىدا «ئىلانلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «نوغايتۇ» غا قاراڭ.

**نىلقا** [尼勒克] ئىلى ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بەزى تەتقىقاتچىلار «نىلقا» نامىنى موڭغۇل تىلىدا «بوۋاق» دېگەن مەنىدە، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**نىيە** [民丰(尼雅?)] خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. نىيە ناھىيىسىدە يەنە «نىيە دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريامۇ بار. نىيە ناھايىتى قەدىمىي ئانا ماكانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان دەريا ۋادىسىدىكى بوستانلىق بولۇپ كەلگەندى. بۇ جايدا قەدىمدە جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا « 精绝 » (نىيە) دەپ ئاتالغان بىر قەدىمىي ئەل بار ئىدى. «نىيە» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسى بويىچە قارىغاندا، قەدىمكى ئەل « 精绝 » نىڭ « 精 » خېتى «tsiang» دەپ، « 绝 » خېتى «dz'iwat» دەپ ئوقۇلىدۇ (سىن جوڭمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 45- بەت). ئىمىن تۇرسۇن

ئەپەندى بۇ ئىككى خەتنىڭ ئوقۇلۇشىنى «tsye—tsyang» دەپ ئو-
قۇيدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 50-
بەت) ھەمدە «چ» بىلەن «ك» ئالمىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنى «كېسى
كۆي» دەپ تەلەپپۇز قىلىش مۇمكىن. ھازىر بۇ خارابىلىقنىڭ شەرقىدە
«كەسكۆي» دېگەن كەنت بار، ئېھتىمال «كېسەك ئۆي» يەنى «كېشەك
ئۆي» (تەخت ئۆي) دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇ، قەدىمكى
ئالتاي تىلىدىكى نام، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ نام شۈەنزاڭ خاتىرىسىدە
«نىنا» (Nina) دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدى-
كى تەرجىمىسىدە «ئۇغاي uɣay» دەپ ئېلىنغان (لى شيەنلىن ئىزاھلى-
غان «شۈەنزاڭ. ‹ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى›
نىڭ سېلىشتۇرما ئىزاھى»، جۇڭخۇا نەشرى، 1030- بەت). ستەيىن
تاپقان 14- نومۇرلۇق كارۇشتىچە ۋەسىقىدە شامىكا ئىسىملىك بىر كىشى-
نىڭ «جالمادانا calmadana (ئەسلى «چالمادانا» دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك
ئىدى ـ ئا)»، «ساجا saca»، «نىنا nina»، «جادوتا cadota» دېگەن تۆت
يۇرتتىن ئۆتۈپ «كھوتان [ھوتان؟] khotan ياكى [كوتان؟]» غا ئەلچى
بولۇپ بارغانلىقى ئېيتىلغان. قۇربان ۋەلى ئەپەندى بۇنىڭغا ئاساسەن،
«بۇ ئاتالغۇ كاروشتى تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ
قالغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ‹پراكرىت سۆزل-
ـۈكى› دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا ‹نىنا› (مەنىسى ئويمانلىق)
ۋە ‹نىيە› (مەنىسى قوۋۇق، قامال، ئۆتەڭ) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ»
(قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 223-، 224-، 227-
بەتلەرگە قاراڭ). سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئۇ،
قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى « 精绝 » ئېلىنىڭ نامىنى ستەيىن-
نىڭ دەلىللىشىگە ئاساسەن، «جادوتا chadota» دەپ قارايدۇ، لى
شيەنلىن ئەپەندىمۇ شۈەنزاڭ خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغاندا، بۇ
ئەل نامىنى كاروشتىچە ئاتالغان «cad'ta» بىلەن بىر ئىكەنلىكىگە
گۇمان بىلەن قاراپ «؟» قويۇپ قويغان. ئېھتىمال ئۇ سىن جوڭمىيەنى-
ـنىڭ پىكرىگە ئاساسەن كۆرسەتكەن بولسا كېرەك (سىن جوڭم-

يەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 نىڭ جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 44-، 45- بەتلەر؛ لى شيەنلىن ئىزاھلىغان «شۈەنزاڭ. 〈ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى〉»، خەنزۇچە نەشرى، 1030- بەتكە قاراڭ). ناھايىتى روشەنكى، ستەيىن تاپقان 14- نومۇرلۇق كارۇشتىچە ھۆججەتتە «نىنا» (nina)، «جادوتا» (cadota) ناملىرى ئايرىم-ئايرىم يۇرت نامى بولۇپ كۆرۈلىدۇ. دېمەك، مۇھىمى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «精绝» نىيە ئەمەس، نىيە «نىنا» (شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «نىراڭ») دۇر. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى «nina ياكى nirang» نى پراكرىت تىلىدىكى «Niryan» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يول ئاغزى»، «قەدەم جاي» دەپ قارايدۇ. بۇ، قۇربان ۋەلى ئىزاھلىغان «ئۆتەڭ» مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ.

ھ

**ھادىرا** [阿迪热] پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدىكى يەر نامى. بۇ يەر شەكلىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى. «ھادىرا» ئەسلىسى «ئادرى» دۇر. «پەيزاۋات ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «توغرا يولغا ماڭغۇچى» دەپ ئىزاھلىغان. ھالبۇكى، بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاچا» ياكى «قايچىسمان يەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 55- بەت).

**ھالداشمان** [阿勒达西曼] ئەسلىسى «ئالداشمان». كېرىيە ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «ئالداشمان» غا قاراڭ.

# ئو

**ئوپا** [奥(吾?)帕] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋە يەكەن ناھىيىسىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان جاڭگالنىڭ ھەم سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ئوبا» بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 117- بېتىدە «ئوبا» سۆزىنى ئوغۇزچە «قەبىلە» دەپ چۈشەندۈرگەن (سۇلتان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 66- بەت).

**ئوپۇر** [吾(奥?)甫尔] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى يەر نامى. بۇ نامنى «بۈگۈر ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى «غوپۇر» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئوخشاش ھالدا «吾甫尔» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىش بىلەن، «تاغ جىلغىسىدىكى تۈزلەڭلىك دېگەن مەنىدە، 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قورۇلۇپ نام بېرىلگەن» (شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 20- بەت) دەپ ئىزاھلىغان. بىراق بۇ سۆز «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «opri» (ئوپرى) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا «opri· ئوپۇر — ئوپۇرۇلغان يەر، ئورا» دەپ ئىزاھلىنىدۇ (1- توم، 170- بەت). بۇ سۆز يەنە قەشقەر شىۋىسىدە «ئوپۇرماق» سۆزى بىلەن ئىشلىتىلىپ «تېگىگە يەتكۈزمەك» مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، 252- بەت). دېمەك، بۇ نام ئازگال، ئوپۇرۇلغان يەر، يەنى تەبىئىي كۈچ سەۋەبىدىن ئازگال بولۇپ قالغان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتاقچى** [乌塔克其(奥塔克其?)] ئارا تۈرۈك، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى كەنت نامى. «بەشئوتاق» قا قاراڭ.

**ئوتاقساي** [奥塔克萨依] خوتەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. «بەشئوتاق» قا قاراڭ.

**ئوتتۇز ئوتاق** [沃吐孜欧(奥?)塔克] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى مەھەللە، كەنت نامى. «بەشئوتاق» قا قاراڭ.

**ئودانلىق** [乌(奥?)达(单?)力克] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت، لەنگەر نامى. ئەسلى ئاتىلىشى «ئورداnلىق» بولۇپ، «ئوردان» بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى. «ئوردانلىق» قا قاراڭ.

**ئوراڭ** [乌让] قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى كەنت نامى. «ئوراڭ» نامىنىڭ ئەسلى يىلتىزى «ئوروڭ» بولسا كېرەك. «ئوروڭ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توغ»، «بايراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 399- بەت). سۇلتان ماھمۇت ئەپەندىنىڭ «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 90- بېتىگە قاراڭ.

**ئوردان** [奥尔旦] قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر بۇلاقنىڭ نامى. «ئوردان بۇلاق» ئەينەن ساقلانغان نام. «ئوردان» بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى. «ئوردانلىق» قا قاراڭ.

**ئوردانلىق** [吾(奥?)尔丹力克] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر يەر نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى يىلتىزى «ئوردان» بولۇپ، ھازىر «ئودان» بولۇپ ئۆزلەشكەن. يەكەن ناھىيىسىدىمۇ «ئوردانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان يېزا نامى بار. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىمۇ «ئوردان بۇلاق»، «ئودانلىق» يېزىسى، «ئودانلىق لەنگەر»، «ئودانلىق» كەنتى دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامىلىرى بار. «ئوردان» سۆزى «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ يەرلىرىدە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك» بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان (سۇلتان ماھمۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 89- بەت).

**ئوشلاق** [乌(奥?)希拉克] يەكەن ناھىيىسىدىكى

بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ئوچلاق» بولۇپ، جانلىق
تىلدا «ئوشلاق» بولۇپ ئۆزلەشكەن. «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم،
49- بەتتە «ئوچ- تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ. تۈركلەر قەلەمنى
شۇنىڭدىن ياسايدۇ...» دەپ ئىزاھلانغان. ئېھتىمال «ئوچ» نامىغا
«لۇق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان بولسا كېرەك. (سۇل-
تان مامۇت «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 84- بەت).

**ئونسۇ** [温宿] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شە-
ھەر) نىڭ نامى. بۇ ناھىيىنىڭ نامى ئىلگىرى «ئاقسۇ كونا شەھەر
ناھىيىسى» ئىدى. 1998- يىلى بۇ نام ئۆزگەرتىلىپ «ئونسۇ» دەپ
ئاتىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە تارىختا «ئونسۇ» دېگەن نام بولمىغان.
بۇ پەقەت خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى « 温宿 » نامىنى خاتا ھالدا «ئون-
سۇ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىۋېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ خاتا.
(قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر نامىلىرى ئىلمى»، 7. باب. 5-پاراگ-
رافقا قاراڭ). «ئۇچ» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**ئونيول** [温尧(尤?)勒] مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئا-
لاغىر يېزىسىدىكى كەنت نامى. ئۇيغۇر تىلىدا سانىنى ئىپادىلەيدىغان
«ئون» سۆزىگە «بۇلاق» مەنىسىنى بېرىدىغان «يول» سۆزىنىڭ قوشۇ-
لۇشى ئارقىسىدا ياسالغان بولۇپ، «ئون بۇلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە
كېرەك («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 4-سان، 55-
بەت).

**ئويداشى** [奥依达希(西?)] بۈگۈر ناھىيىسىدىكى
بىر جاينىڭ نامى. «ئويداشى» بۇ بۇزۇلغان نام، توغرىسى «ئوي-
داش»، «بۈگۈر ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (خەن-
زۇچە نەشرى، 84- بەت) دە: «ئۇيغۇر تىلىدا چوڭقۇر ئازگال دېگەن
مەنىدە، بۇ جاي يەنە يەتتە داش دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن.
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۇ يىغىلغان جاي «كۆل» دەپ ئاتالغاندىن
باشقا، يەنە «داش» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «داش» قا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئۇ

**ئۇچ** [乌其] ئۇچتۇرپان ۋە ئاقچى ناھىيىلىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇچتۇرپان ۋە ئاقچى رايونلىرى ئوخشاش تېررىتورىيىدە ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 49- بەتتە «ئۇچ. مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى»، «توشقان دەرياسى. ئۇچ شەھىرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» (666- بەت) دېگەنگە ئوخشاش بىر نەچچە جايدا ئوخشاش بولمىغان مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، «ئۇچ» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمكى مەشھۇر شەھەر «ۋېنسۇ» (温宿) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ نام ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە «urunsu» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىش بىلەن خاتا ھالدا «ئونسۇ» غا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. كۇچادىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت بىر پارچە سانسكرىتچە ھۆججەتتە شىنجاڭدىكى ئۇچ ئورۇننىڭ نامى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «hecyuka—raja» نامىنى جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى قاتارلىقلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى (温宿) ئېلىنىڭ نامى دەپ ھېسابلىغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992- يىل 4- سان، 151- بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ). بۇ نامدىكى «raja» سۆزى سانسكرىتچە «خان، پادىشاھ، بەگ، ھۆكۈمران» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «hecyuka» سۆزى دەل خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى (温宿) ئېلىنىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى ئىدى. قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، (温) خېتى «ur» دەپ، (宿) «cük～sük» دەپ («سىن جوگمىيەن (خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى)نىڭ جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم 390- بەت) ئوقۇلىدۇ. ج.ر. خاملتون ئەپەندىنىڭ ئوقۇشىچە، (温) خېتى مىلادى 7- ئەسىردە «uan.»، ئونىنچى ئەسىردە «on.» دەپ ئوقۇلغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلىدا «غۇن.

ئۇن «γun, un» دەپ ئوقۇلىدىكەن. (ج. ر. خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، خەنزۇچە نەشرى، 189- بەت). «宿» خېتى بولسا، يەنە بېرىنخارد كارلگرېن كۆرسەتكەندەك «suik» دەپمۇ ئوقۇلىدۇ (بېرىنخارد كارلگرېن «خەنزۇ تىلىنىڭ شۇە لۇغىتى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 245- بەت). دېمەك، «ursük»، «urcük» ياكى «uansiuk»، «ursiuk»، «uansük»، «uancük» دېگەن سۆزلەر (ئەمما «温» خېتىنىڭ مىلادى 7-، 10- ئەسىرلەردىكى ئوقۇلۇشىنى قەدىمكى «ur» شەكلىنىڭ تەرەققىياتى دەپ قاراش كېرەك - ئا) قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا «温宿» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، سانسكرىت تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ «hecyuka-raja» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنچە «hecyuka» سۆزىدىكى «yuka» سۆزى چۈشۈپ قېلىپ، «Hec» نامى ھازىرقى «ئۇچ» قا ئايلانغان. شۇڭا «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «ئۇچ» نامىنى سانسكرىت تىلىدىكى «Huc» (uc←Hoc←Hec) نىڭ كېيىنكى راۋاجى دېيىشكە بولىدۇ. خەنزۇچىدىكى ئاتىلىشنى سېلىشتۇرساق مۇنداق شەكىل چىقىدۇ: uc←ucuk←urcuk←ursuk←ursuak (يۇنۇسجان ئېلى ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى تەتقىقاتىغا قاراڭ). ئەمدى بۇ سۆزلەرنىڭ سانسكرىتچە ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن، قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «ئۇچ» نامىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى سېلىشتۇرساق، مۇنداق شەكىل چىقىدۇ: 温苏←于祝←吾曲←乌赤←乌什 (يۈۋپېچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 75- بەتكە قاراڭ). قىسقىسى، بىزنىڭچە، قەدىمكى «ئۇچ» شەھىرىنىڭ نامىنى ھازىرقى توشقان دەرياسىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسى دائىرىسىدىكى «ئۇرچى» نامى بىلەن ئالدىنقى ئىككى «ئۇچ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كەنت نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمىز.

**ئۇلاستاي** [乌拉斯塔(台?)] بورتالا شەھىرى ۋە خېجىك، قورغاس، گۈچۈڭ، نىلقا، غۇلجا ناھىيىلىرى، چۆچەك شەھەرلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىدىكى كەنت، جىلغا، دەريا، غول نامى. «ئۇلاستاي» موڭغۇل تىلىدى-كى يەر نامى بولۇپ، «تېرەكلىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**ئۇلاستايچاغان** [乌拉斯台查干] خېجىڭ ناھىيە-سىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، «ئۇلاستاي» سۆزى «تېرەكلىك» دېگەن مەنىنى، «چاغان» سۆزى «ئاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۇلاستايچاغان» سۆزى «ئاق تېرەك-لىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**ئۇلۇغارت** [吾(乌?)鲁阿尔提] ئاقتۇ ناھىيىسىدى-كى بىر داۋاننىڭ نامى. بۇ يەردىكى بىر دەريامۇ «ئۇلۇغئارت» دېيىلىدۇ. «ئۇلۇغارت» نامى ئەسلىدە «ئۇلۇغ ئارت» بولۇپ، كېيىنچە، تاۋۇشلار-نىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن «ئۇلۇغارت» بولۇپ قېلىپلاشقان. مەھمۇد قەشقىرى «ئارت» سۆزىنى «بويۇن، گەدەن»، «داۋان» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 59- بەت) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ نامدىكى «ئارت» سۆزى «داۋان» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، «ئېگىز داۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، «ئۇلۇغ» سۆزى «چوڭ » مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. «ئۇلۇغئارت» نامىدىكى «ئۇلۇ» سۆزى «ئۇلۇغ» سۆزىنىڭ قىرغىز تىلىدىكى ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇلۇغچات** [乌恰(乌鲁克恰提?)] قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە «ئۇلۇغچات» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىنىڭ نامى بار. بۇ نام «ئۇلۇغ» ھەم «چات» تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلۇغ ئېقىننى كۆرسىتىدۇ. ئەمما نيۇروچېن ئەپەندى «ئۇلۇغ-چات» نامىنى قىرغىز تىلىدا «ئۇلۇغ جىلغا» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلى-دى («شىنجاڭ يەرناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 130- بەت). يۈۋېيچىڭ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە نەشرى، 103- بەت) ناملىق كىتابىدا «ئۇلۇغ» سۆزىنى تۈرك تىلى دېيىش بىلەن قىرغىز

تىلىدا «ئۇلۇغ»، ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇق» دېيىلىدۇ. «چات» سۆزى بولسا، جىلغىدىن ئېقىپ چىققان ئېقىندىن ھاسىل بولغان تاغ ئېغىزىدىكى تۈزلەڭلىك دەپ ئىزاھلاپ، ئۇمۇ بۇ نامنى قىرغىز تىلىغا تارتىدۇ. ئەمما «جۇڭگو تۈرك تىللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئائىت سۆزلەملەر توپلىمى» («中国突撅语族语言词汇集»، خەنزۇچە نەشرى، 296- بەت)» دا «ئۇلۇغ» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ»، ئۆزبېك تىلىدا «ئۇلۇق»، قىرغىز تىلىدا «ئۇلۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. گۇننار ياررىڭ ئەپەندى «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ «...ئۇلۇغچاتقا كەلدۇق. ئۇنىڭ مەنىسى ‹ئۇلۇغ ئېقىن قوشۇلىدىغان جاي› ئىكەن. بۇ يەردە بىر دەريا بولۇپ، ئۇ يەنە ئىككى ئېقىنغا بۆلۈنگەن بولغاچقا، بۇ جاينىڭ شۇنداق ئاتالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 106- بەت). دېمەك، «ئۇلۇغچات» ئىككى ئۇلۇغ ئېقىننىڭ قوشۇلغان جايى، دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئۈ

**ئۈرۈمچى** [乌鲁木齐] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىنىڭ نامى. «ئۈرۈمچى» نامى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئەمما بۇ قاراشلار ئاساسەن جۇغلىنىپ بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتى. يەنى ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار «ئۈرۈمچى» نامىنى موڭغۇل تىلىدىكى سۆز دەپ، موڭغۇل تىلىدا «ülüji» دېگەن سۆز «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلىسا يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «oronmtai» سۆزىدىن كەلگەن، دەپ ئىزاھلىغان (يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 3- 5- بەتلەرگە قاراڭ) بولسىمۇ، يەنىلا كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار تەتقىقاتچى خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن روسىيىلىك ستايول

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



خالىنتوي ئەپەندىنىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى قول يازمىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە ساك يېزىقىدىكى ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان «irūmcinā» نامىنى ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ نامى دەپ قاراپ، باشقىچە تالاش-تارتىش قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 925- يىلى خوتەن ساك تىل-يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت «خېشىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «ئىرۇمچىنا»(irūmcinā) دەپ ئاتال-غان يەر نامىنى ئىككى بۆلەك سۆز («cinā» ، «irū») گە بۆلۈپ تەتقىق قىلغاندا، «irū» سۆزى خوتەن ساك تىلىدا «تال، ئورمان» مەنىسىدە، «cinā» سۆزى بولسا «باراقسانلىق» مەنىسىدە كېلىدىغانلىق-نى، «m» نىڭ ئىسىم بولۇپ كەلگەندە ئۇلانمىلىق رولىنى ئوينايدىغان-لىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، «ئۈرۈمچى» دېگەن بۇ نام خوتەن ساك تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، «تاللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربان ۋەلى، يۈۋېيچىڭ ۋە چىن روچېن ئەپەندىلەرنىڭ كىتابىدىكى بايانلارغا قاراڭ.

**ئۇچتۇرپان** [乌什(吐鲁番)] ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. بۇ جاينىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە «ئۇچ» (بەزىلەر ئەسلى «ئۇچ» دەپ قارايدۇ) دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ، 1- توم، 62- بەتتە «ئۇچ» سۆزىگە ئىككى خىل تەبىر بەرگەندىن باشقا، يەنە «چېگرا، چېگرىدىكى ئەل» دەپ تەبىر بەرگەن. يېقىنقى زامان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى موللا مۇسا سايرامى «تارىخي ئەمنىيە» ۋە ئۇنىڭ تولۇقلىمىسى بولغان «تارىخي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە (خاتىمە قىسمىدا) «ئۇچتۇرپان» ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇچتۇرپان قەدىمكى كونا شەھەردۇر. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېتى (ئۇچ) ئىكەن.... مەنسۇرخان زامانىسىدا (موغۇلستان خانلىقىنىڭ 12- سۇلتانى مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر كۆزدە تۇتۇلغان، بۇ دەۋر مىلادى 1503- 1543- يىللارغىچە - ئا) ... ئۇچ ئەھلىنى قەتلى- ئالەم قىلىپ، ساق قالغانلىرىنى يۇرت- يۇرتلارغا تارقىتى-ۋېتىپ، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاۋات قىلغان

ئىكەن... شۇڭلاشقا 〈ئۇچ〉 سۆزىگە 〈تۇرپان〉 سۆزى قوشۇلۇپ، 〈ئۇچتۇرپان〉 دەپ ئاتالغان ئىكەن» («تارىخىي ھەمدى»، 656- بەت، «تارىخىي ئەمنىيە»، 424- بەت). باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «ئۇچ» نامىنىڭ «ئۇچتۇرپان» غا ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدىكى بايانلار موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانىغا ئوخشمايدۇ. تارىخچى يۇنۇسجان ئېلى ئەپەندى 1992- يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا (4- سان، 149- بەت) ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «ۋاڭ، گۇڭلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تەرجىمھالى»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى» ۋە ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى سوگوجى تورۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، «ئۇچ» نامىنىڭ «ئۇچتۇرپان» غا ئۆزگىرىشىنى باشقىلار ئېيتقاندەك 1756- يىلىدىكى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىش ئىكەنلىكىنى، مىلادى 1722- 1723- يىللار ئارىلىقىدا جۇڭغار خانى سىۋان ئارابتان (سىۋان ئارابدان) نىڭ تۇرپاندىن قارا شەھەرگە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى قايتا ئۇچ رايونىغا كۆچۈرگەنلىكىنى ۋە «ئۇچ» نامىنىڭ «ئۇچتۇرپان» غا ئۆزگىرىش ۋاقتىنىڭ 18- ئەسىرنىڭ 20-23- يىللار ئەتراپىدا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى دەلىللىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇچتۇرپان رايونىدا تۇرپان رايونىدىكى قاراخوجا، سىڭگىم، لۈكچۈن، توقسۇن، ياڭخى، يارۋاغ قاتارلىق يەر نامىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەر نامىلىرىمۇ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تۇرپان رايونىدىن ئۇچقا «كۆچۈپ» كەلگەن يەر نامىلىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئۇچ» قا قاراڭ.

## ئې

**ئېتىمچاغىرى** [艾提木恰合热] يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامى. «ئېتىمچاغىرى» نامى «ئېتىم»، «چاغىرى» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بىر يەر نامىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئەتىمچاغىر» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئېتىم» سۆزى بىرىنچى شەخس تىلدا «مېنىڭ نامىم، ئىسمىم، ئاتىلىشىم» دېگەن مەنىنى، «چاغىرى» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قارچۇغا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چاغىرى» غا قاراڭ.

**ئېرتىش** [额尔齐斯] قابا ناھىيىسىدىكى مەشھۇر بىر دەريانىڭ نامى. بۇرچىن ناھىيىسىدىكى بىر كەنت نامىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «غەربىي يۇرتتىكى تۇخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە «ئېرتىش» نامىنى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىتتىك ئېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئېقىنى ئىتتىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان، دەپ ئىزاھلانغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 154ـ بەت). مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» (1ـ توم، 131ـ بەت) دا «ئېرتىش» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «ئېرتىش. 〈يەمەك〉 داالىرىدىكى بىر دەيانىڭ نامى. بىرقانچە تارماقلىق بۇ دەريا شۇ يەردىكى بىر كۆلگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا 〈ئېرتىش سۈيى〉 دېيىلىدۇ. بۇ سۆز 〈ئېرتىشمەك〉 دېگەن مەستەرنىڭ تومۇرى 〈ئېرتىش〉 تىن ئېلىنغان بولۇپ، 〈سۇدىن تېز ئۆتۈشتە مەن بىلەن بەسلەش، قېنى، كىم تېز ئۆتىدۇ〉 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ». دېمەك، «ئېرتىش» سۆزى «ئىتتىك ئاقىدىغان ئېقىن» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا سۇدىن تېز ئۆتۈپ كېتىشمۇ «ئېرتىش» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

**ئېمىل** [额敏] بىر دەريانىڭ نامى. تارباغاتاي ۋە ساۋۇر تاغلىرىدىن باشلانغان سار ئېمىل، قارا ئېمىل سۇلىرىدىن باشلانغان ئېمىل دەرياسى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ ئالا كۆلگە قۇيۇلىدۇ. بۇ ۋادا قەدىمدە ئۇيغۇر-ئوغۇز قوۋملىرىنىڭ ماكانى ئىدى. ئېمىل نامى جۇڭگو تارىخي ماتېرىياللىرىدا ھەر خىل ترانسكرىپسىيلىك تەرجىمە قىلىنغان. بۇلار « 业满 »، « 叶密立 »، « 叶密里 »، « 也迷里 » ھەم «Omyl»، «Imil» دىن ئىبارەت. «ئېمىل» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ «غەربىي يۇرتتىكى تۇخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىـ

رىسى» دە «تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدا تىنچ، جىم دېگەن مەنىدە» دەپ
ئىزاھلانغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»،
خەنزۇچە نەشرى، 147- بەت). دېمەك، «ئېمىل» دېگەن بۇ نام «جىم ئاقىدىغان
دەريا»، «شاۋقۇنسىز دەريا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «دۆربىلجىن» گە قاراڭ.

**ئېۋىرغول** [伊吾(艾维尔沟)鱼儿沟] ئۈرۈمچى،
توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى جىلغا، غول ئېغىزى، كۆۋرۈك ۋە بېكەت نامى.
بۇ ئەيىنەن ساقلانغان نام. قەدىمكى جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدا قۇمۇل-
نىڭ ئاراتۈرك ئەتراپى «ئېۋىرغول» (伊吾) دەپ ئاتالغان بولۇپ،
ئەسلى «ئۇيغۇرغول» دېگەنلىك ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار «伊吾»
نى قۇمۇل نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس،
چۈنكى مەيلى خەنزۇ تىلىنىڭ قەدىمكى فونېما تەرىپىدىن بولسۇن،
مەيلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىدىن بولسۇن، ئوخشاشلا «قۇ-
مۇل» نامىنىڭ ئۆزى ئەمەس. «قۇمۇل» نامى يەنىلا «قۇمۇل»، بۇ
ئىككى نام باشقا باشقا گەپ. قۇمۇل تاغلىرىدا ھەر خىل غول ناملىرى
بار، ئەنە شۇلارنىڭ بىرى — ئۇيغۇرغول — ئېۋىرغولدۇر. شۇڭا،
كۆپچىلىكنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال ياكى تارىخ ھەققىدىكى ئىل-
مىي ئەسەرلەرنى كۆرگەندە ياكى تەرجىمە قىلغانىدا، «伊吾» نى
«قۇمۇل» دەپ چۈشەنمەي، «ئېۋىرغول ياكى ئۇيغۇرغول» دەپ بىلىشى-
نى ۋە شۇ نامدا تەرجىمە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. «كونا تاڭنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە. غەربىي تۈركلەر» دە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرى-
ياللاردىكى «伊吾» نامى بىر جاي نامىدا ئەمەس، بەلكى تۈركلەرنىڭ
بىر قەبىلىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا: «غەربىي تۈركلەرنىڭ
... ئېلى ئەسلىدە ئۇسۇن (ئاسىيۇ) لارنىڭ زېمىنى ئىدى.... تۇرا،
ساداقلىقلار، قارلۇقلار، چىگىللەر، چومۇللار، 伊吾 لار قاتارلىق ئۇرۇق-
لىرى بار، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن تۈركلەرگە ئوخشايدۇ،
تىللىرىدا چوڭ پەرق يوق»(سۇبېيخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تا-
رىخ-جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 1- توم، 370- بەتتىكى نەقىلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاراڭ). دېمەك، بۇ خاتىرىدىكى « 伊吾 » سۆزى مەلۇم بىر جاينىڭ نامى بولماستىن، بەلكى تۈرك قەۋمىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىككى خەت ئەسلىدە «ئۇيغۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدىغان « 伊吾卢 » سۆزى بىز تەۋسىيە قىلىۋاتقان «ئۇيغۇرغول» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، كېيىن « 卢 » خېتى قىسقارتىۋېتىلگەن. قىسقىسى، ئېۋىرغول-ئۇيغۇرغولدۇر.

## ئى

**ئىچبەلتى** [依其拜勒提] يەكەن ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. بۇ نام «ئىچ» ۋە «بەلتى» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن. «ئىچ» سۆزى «ئىچى»، «ئىچكىرىسى»، «ئارىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «بەلتى» سۆزى «بالدىر» سۆزى بولۇپ، «تومشۇق» مەنىسىنى بېرىدۇ. دېمەك، «ئىچبەلتى» نامى «تومشۇق ئىچى» ياكى «ئىچكىرىكى تومشۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. «بەلدىر» گە قاراڭ.

**ئىچكى سومى** [依其克索米] خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «ئىچكى سومى» نامى «سومى» نىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ نامدىكى «سومى» سۆزى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، تىبەت ھۆججەتلىرىدە ئۇچراي-دىغان «سومانا» نامى ئەسلى سانسكرىت تىلىدىكى «ساماجنا» نامىدىن ئۆزگەرگەن. بىزنىڭچە، «سومى» بىلەن «سومانا» بىر نام، يەنە كېلىپ «ئىچكى سومى» نامى ئەسلى قەدىمكى «سومى ياكى سومانا» نىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. «سومى» غا قاراڭ.

**ئىلى** [伊犁] بىر ۋىلايەتنىڭ ۋە ئۇلۇغ دەريانىڭ نامى. بۇ نامدىن ئېلىنىپ «ئىلى» بىر چوڭ رايوننىڭ نامى بولدى. «ئىلى»

نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە «ئىلى» نامى جۇڭغار موڭغۇللىرى تىلىدا «پارلاق نام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان (نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە نەشرى، 155- بەتكە قاراڭ). ئەمما «ئىلى» نامى «خەننامە» دە « 伊列水 » دەپ، «يېڭى تاڭنامە» دە « 伊丽 »، « 帝帝水 » دەپ ئاتالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 124- بەتتە «ئىلا»، «ھۇدۇدۇلئالەم» (مىلادىي 982- يىلى) دىمۇ بۇ نام تىلغا ئېلىنغان(خەنزۇچە نەشرى، 41- بەتكە قاراڭ). بۇ قاراشقا ماس ھالدا زەكى ۋەلىدى توغان «تۈرك تارىخىغا كىرىش» دېگەن كىتابىدا «ئىلى جۇڭغار تىلىدا پارلاق، مەشھۇر ۋە مەئرۇف دېمەكتۇر» دەپ ئىزاھلىغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3-سان، 52- بەت). ئابدۇساتتار ناسىرى ئەپەندى 1997- يىلى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 4- سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە «ئىلى» نامىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، «ئىلى» ئەسلى «ئىل» دەپ قاراپ، «ئىل، ئوچۇقچىلىق، بوشلۇق، قوۋۇق ئالدىدىكى بوش يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «ئىلا» نامى پەقەت شۇ نامدا ئاتىلىدىغان دەرياغىلا خاس. ئۇنىڭ بوشلۇق-دالا بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك دەپ قارايدۇ. «تاۋارىخ خەمسە شەرقى» دا «ئىلە — بۇ دەريانىڭ ئەسلى ئىسمى جىم سۇيى» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇنىڭغا ئاساسەن، قەدىمكى تىلدا «ئىلە» نىڭ مەنىسى «ئوگاي تاشىدىغان»، «تېشىۋېرىدىغان»، «بارغانچە ئەزۋەيلەيدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلى چوڭ، تاشقىنلىق دەريا دېگەنلىك دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996- يىل 3- سان، 52- بەت). بىزنىڭچە، ئاخىرقى قاراش ئىلمىيلىققا ئىگە بولسا كېرەك.

# ي

**ياپچان** [牙甫泉—牙普泉—亚布羌(?)] قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا، بىر مەھەللە ۋە بىر بازارنىڭ نامى. چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ نامى «ياپچانلىق تاغ ئېغىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار. «ياپچان» نامى ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «ياپچان» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «yapqan · جۇۋسان، شىۋاق. بۇ سۆزنىڭ ‹يافچان (yavqan) › دەپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 48- بەت). دېمەك، «ياپچان ~ يافچان» سۆزى ئۆسۈملۈكلەردىن بولغان «جۇۋسان ~ شىۋاق» نىڭ نامىدىن كەلگەن. «چاقىلىق ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ سۆز «ئوتلۇق» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلانغان (شۇ كىتاب، 121- بەت، خەنزۇچە نەشرى). بۇ يەردە ئوت نامى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن.

**يازاق** [亚扎克] ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نام قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن يەر نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوتلاق، يايلاق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «yazak يازاق» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە، بۇ سۆزنىڭ ياغما، توخسى (توخرى، توخار؟) تىللىرىدا «ئوتلاق، يايلاق» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (شۇ كىتاب، 3- توم، 19- بەت). دېمەك، «يازاق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ نام «ئوتلاق، يايلاق» مەنىسىدە ئاتالغان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. «يازاق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۈزلەڭ» (يارىش يازىقى- بەيگە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈزلەڭ) دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «جۇڭغار» غا قاراڭ.

**يازمىتى** [亚孜木图(提?)] بورتالا شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى. «يازمىتى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: تىل تەركىبىدىن قارىغاندا، «يازمىتى» دېگەن بۇ سۆز قوش تىللىق يەر نامى بولۇپ كەلگەن. شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا «تى ti» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ كەلگەن يەر ناملىرى ناھايىتى كۆپ. «ti» ئۇلانمىسى موڭغۇل تىلىدا «لىق، لىك، لۇق، لۈك» ئۇلانما مەنىسىنى بېرىدۇ. شىنجاڭ يەر ناملىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان بۇ ئەھۋال موڭغۇللارنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بېسىپ كىرىشى، ئېخىمۇ مۇھىمى غەربىي موڭغۇللار (ئويراد موڭغۇللىرى) نىڭ شەرقىي، شىمالىي شىنجاڭ، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، شۇنىڭدەك شەرقىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئالتاي، ئىلى، بورتالا قاتارلىق جايلىرىنى ئۇزۇن مەزگىل مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «يازمىتى» سۆزىدىكى «يازىم» سۆزى ساپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى» دا «بوشلۇق»، «ئوچۇق-چىلىق»، «تۈزلەڭلىك» مەنىسىدە كەلگەن «يازى» سۆزى بولسا كېرەك («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 506- بەت).

**ياسۇق** [亚苏克] ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. «ياسۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، «ياسۇق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى «ياشۇق» سۆزى بولسا كېرەك. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، «ياسۇق» سۆزىدىكى ئۈچىنچى فونېما «س» «ش» نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانى بولسا كېرەك. «ياشۇق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «نۇر، نۇرلۇق، يورۇق، يورۇقلۇق، پارلاق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 509- بەت). بۇ تەبىرلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىكى «يورۇق» سۆزى مۇۋاپىق بولسا كېرەك. يەنە بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ياسۇق» سۆزى ئەسلى «يازۇق» بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «يازۇق» سۆزىگە «يېشىك، يېشكىلىك»، «گۇناھ، سەۋەنلىك» دەپ ئىككى خىل ئىزاھ بەرگەن (يۇقىرىقى كىتاب، 506- بەت). لېكىن بۇ تەبىر «ياسۇق» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر «ياسۇق» سۆزىنى «يازۇق» سۆزى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا «يازۇق» سۆزىنىڭ ئەسلى ۋارىيانتىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 19- بەتتە ياغما، توخسى تىللىرىدا «ئوتلاق، يايلاق» مەنىسىدە كېلىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان «يازاق» سۆزىگە باغلاشقا بولىدۇ. بىزنىڭچە، ئالدىنقى قاراش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

**ياسدۇن** [亚斯墩] پوسكام ناھىيىسىنىڭ كۆيباغ يېزىسىدىكى كەنت نامى. سۇلتان مامۇت ئەپەندى بۇ نامنى «يۇرتىمىز-دىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق كىتابىدا (87- بەتتە) «ياسدۆك» دەپ ئالغان ۋە شۇ بويىچە «تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- توم، 218- بەتتىكى «ياس» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، «ھالاكەت دۆگى» دېگەنلىك بولسا كېرەك دەپ قارىغان. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ياس» سۆزىگە مۇنداق ئىككى خىل ئىزاھ بېرىلگەن: ① «زىيان، زەرەر. تەلىم ياش ئەگدى — ئۇنىڭغا كۆپ زىيان تەگدى». ② «ئۆلۈم، ھالاكەت. ئوغۇزچە ئۇنىڭ ئوغلى ياس بولدى — ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلدى». بىزنىڭچە، سۇلتان مامۇت ئەپەندى بەرگەن تەبىردە گۇمان باردەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ جاي ھازىر «ياسدۇن» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئاخىرقى بوغۇم سۆز ئەسلى «دۆك» بولسا كېرەك. كېيىن ئېيتىلىشتا «دۇن» شەكلىنى ئالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئالدىنقى بوغۇمى بولغان «ياسى» سۆزى «ياس» سۆزى ئەمەس، بۇ ئەينەن ساقلانغان سۆز بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى «ياسى» سۆزىگە «ياپىلاق» دەپ تەبىر بەرگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 507-

بەت). «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا بولسا «سىلىق» دېگەن مەنىدە
كەلگەن (يۇقىرىقىدەك). قارىغاندا، «ياسىدۆڭ» نامى «ياپىلاق دۆڭ»
ياكى «سىلىق دۆڭ» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. ھازىرمۇ باي ناھىيىسى-
دە «يالپاق داۋان»، «يالپاقكېچىك» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى ۋە
پىچان ناھىيىسىدە «يالپاق تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى بار.
دېمەك، بۇ نامالارنىڭ ھەممىسى مەنە جەھەتتىن ئوخشاش يەر ناملىرى
ھېسابلىنىدۇ.

**ياسىق** [牙(亚?)色克] ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىر
جاينىڭ نامى. «ياسىق» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا «نۇر، نۇرلۇق، يورۇق، يورۇقلۇق، پارلاق» دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدىغان «ياشۇق» سۆزىنىڭ فونېتىكا تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى
دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ياسۇق» قا قاراڭ.

**يانار تاغ** [火山(亚那尔塔格?)] ئۈرۈمچى شەھى-
رى 104- تۇەن مەيدانىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنتنىڭ تولۇق
نامى «يانار تاغ كەينى كەنتى». بۇ بىر چۈۋالچاق نام. بىزنىڭچە، «يانار
تاغ كەنتى» دەپ قىلىپلاشتۇرساق مۇۋاپىق بولسا كېرەك. بۇ كەنتنىڭ
جەنۇبىدىكى تۆپىلىكتىكى تۆمۈر ئوقۇرىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئوت
يېنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ جاينى «يانار تاغ» دەپ ئاتاشقا
ئادەتلەنگەن. شۇڭا، بۇ كەنتنىڭ نامى 1984- يىلى چۈۋالچاقلاشتۇرۇ-
لۇپ، «يانار تاغ كەينى كەنتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان («ئۈرۈمچى
شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى،
356-، 357- بەتلەرگە قاراڭ). «火山后村» خەنزۇ تىلىدا ئاتاشقا
چۈشىشىمۇ، بۇنداق ئۇيغۇرچە ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس.

**ياڭخى** [洋海] پىچان (كېيىن ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە
كۆچكەن) ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. ئابدۇقېيۇم خوجا ئەپەندىنىڭ
ئىزاھلىشىچە، «ياڭخى» نامى خەنزۇ تىلىدىكى «洋海» نىڭ ترانسك-
رىپسىيىلىك تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى ئاۋام تىلىدىكى «يانقىر»

نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ (ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان «لەمجىن غولىدىكى تاش ئويمىلار» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ). ئۇنىدىن باشقا، قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئوت» سۆزى «ياڭخى» yanghi» دېيىلىدۇ، شۇڭا بەزىلەر «yanghi» نى قەدىمكى «ئاگنى» (ئوت) نامىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. بەيئۇ كۇجى بۇنىڭغا قوشۇلمىسىمۇ، پېللىئوت «yanghi» بىلەن «yanghin» (يانغىن) نىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ (سىن جوڭمىيەن «(خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى) دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسىم، 428- بەت). بىزنىڭچە بۇ يەردىكى «ياڭخى» نامى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «ئوت» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

**ياۋا** [雅瓦] قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر يېزا نامى. باشقا جايلاردىمۇ «ياۋا» نامى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن يەرناملىرى بار. مەسىلەن، خوتەن ناھىيىسىدىكى «ياۋاچاكا» نامى. قۇتۇبى ناھىيىسىدە «ياۋاخۇ (كۆلى)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل نامى بار «ياۋىلىق» قا قاراڭ.

**ياۋىلىق** [亚维勒克] قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ۋە ئاتۇش شەھەرلىرىدىكى كەنت، مەھەللە نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ياۋا». قاراقاش ناھىيىسىدە «ياۋا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا، قۇتۇبى ناھىيىسىدە «ياۋاخۇ (كۆلى)»، خوتەن ناھىيىسىدە «ياۋاچاكا» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللە كەنت ناملىرى بار. «ياۋىلىق»~«ياۋالىق» نامى بەزىلەر ئىزاھلىغاندەك، قەدىمكى تۈركىي قوۋملەردىن بولغان «ياغما» لارنىڭ نامىدىكى «ياغمالىق» ئەمەس. تۈركىي تىللاردا بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «غ» تاۋۇشى (مەسىلەن، تاغ، ياغ قاتارلىق) بەزى تىللاردا (مەسىلەن، ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا) «ۋ» غا ئالمىشىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرىدا ئومۇمەن ئالماشمايدۇ. «ياۋا» ياكى «يافا» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئاق تىكەن، بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك

بولۇپ، سۇيىنى تۇتماچقا قۇيسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ.» دەپ چۈشەندۈ-
رۈلگەن. دېمەك، «ياۋىلىق» ~ «ياۋالىق» سۆزى «ئاق تىكەنلىك»
دېگەن مەنىنى بېرىدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-
يىل، 3-سان، 53- بەت).

**يەكەن** [莎车] قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق شۇ نامدا
ئاتىلىدىغان ناھىيە (شەھەر) نىڭ ۋە بىر ئۇلۇغ ئېقىننىڭ (دەريانىڭ —
تارىم دەرياسى كېيىنچە يەكەن دەرياسى دەپ ئاتىلىپ قېلىنغان) نامى.
بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ياركەند» بولۇپ، كېيىنچە «يەكەن» گە ئۆزگەر-
گەن. بۇ نامنى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار قاراخانىلار خانلىقى دەۋرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. «يەكەن»
نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «莎车» خېتىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى
«suakiwo» بولۇپ، «sarki»، «sarko» ياكى «sake»، «saka»
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھازىرقى تاشقورغان ئەتراپىدىكى «sarikol»
دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ نامى. «ياركەند» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاينىڭ
خەنزۇچە ئاتىلىشى ئەمەلىيەتتە «روچياڭ 若羌» بولۇپ، بۇ يەردىكى
«若» خېتىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «yer» ياكى «yar» غا يېقىن
كېلىدۇ، «羌» خېتى بولسا «kancd» كە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ
(سىن جوگمىيەن «‹خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپ-
يە ئاتـالـغۇلىرىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم، 2- بەت). دېمەك
«ياركەند» دېگەن بۇ نام مىلادىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، «يارلىق
شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەنجى** [焉耆] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاس-
تىدىكى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ نامى. ئۇيغۇر تىلىدا
ھازىرغىچە «قارا شەھەر» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «قارا شەھەر» گە
قارىغاندا «يەنجى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاش-
مىغان قاراشلار بار. «يەنجى» دېگەن بۇ سۆز جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىد-
رى، يەنى ئىككى «خەننامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «جىننامە»، «ۋېي-

www.uyghurkitap.com



نامە»، «جۇنامە»، «سۇي سۇلالىسى تارىخى»، ئىككى «تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە «焉耆» (يەنجى) دەپ ئېلىنغان. كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ ئىككى خەتنىڭ بىرى ياكى ئىككىسىلا ئۆزگىرىپ ترانسكرىپسىيىگە يېقىن باشقا خەت ئىشلىتىلگەن. «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت خاتىرىسى» دە «乌夷» دەپ، «گاۋزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا «乌耆» دەپ، «ئۇلۇغ تاڭدىن غەربىي يۇرتقا سەپەر» دە «阿耆尼» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ئاتالمىلارنىڭ ھەممىسى سانسكرىت تىلىدا «ئوت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «agni» سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك (ئاھاڭ، شەكىل) تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. سىن جوڭمىيەن ئەپەندى تۈرك تىلىدا «ئوت» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «yanghi» سۆزىنى ئاگنى تىلى دەپ قاراپ، «yaki» بىلەن «Agni» نى ئوخشاش دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە خوتەن تىلىغا ئائىت ھۆججەتلەردىكى Argina~Arginva سۆزلىرىنى يەنجى (ئاگنى) بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ (سىن جوڭمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ئارىلىقىغا ئىزاھ»، خەنزۇچە نەشرى، 2- قىسمى، 428-، 429- بەتلەرگە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا بۇ جاي «چالىش»، «سۇلمى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، سىن جوڭمىيەن ئەپەندى «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دا تىلغا ئېلىنغان «积梨» دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامىنى «c» (چالىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ھازىرقى ئورنىنى ئاگنىنىڭ غەربىدە بولسا كېرەك (سىن جوڭمىيەن يۇقىرىقى كىتاب، 2- قىسمى، 427- بەت) دەيدۇ.

**يوپۇرغا** [岳普湖] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەم شۇ نامدا ئاتىلىدىغان دەريانىڭ نامى. «يوپۇرغا» (بەزى ماتېرىياللاردا خاتا ھالدا ئېيتىلىش تەلەپپۇزىغا ئاساسەن «يوپۇغا» دەپ ئېلىنغان) نامى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر قەدىمكى تۈركى قوۋملەرنىڭ بىرى بولغان «ياباقۇ» لارنىڭ

نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قەۋملەر تۈپى يوپۇر-غىدا ياشىمىغان، بەلكى پامىر ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. يەنە بەزىلەر «يوپۇق ئۇردا» سۆزىدىن كەلگەن، دەپ ئىزاھلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۆزنىڭ تارىخىي ئاساسى بولمىغاچقا، خېلى بۇرۇنلا تەتقىقات سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۈچىنچى خىلدىكى قاراشنى ئابدۇ-كېرىم روزى ئەپەندى 1984- يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ «يوپۇر-غا» نامىنى «يوپرى» سۆزىگە «غۇ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان، «يوپرىغۇ» سۆزى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 1- توم، 39- بېتىدىكى «ياپرى» سۆزىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، «تۈز ۋە كەڭ يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان ئىدى («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1994- يىل 2- سان، 38- بەت). ئەمما سۇلتان ماھمۇت ئەپەندى «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق كىتابىدا (44- 47- بەتلەر) «يوپۇرغا» نامىنى غۇلام غوپۇر تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان قۇمۇل شىۋىسىدە ساقلانغان «سۆرەم» مەنىسىنى بېرىدىغان «يوپۇرغا» سۆزى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن-يۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق تارىخىي مەلۇمات ياكى تىل تەرەققىياتىغا ئائىت بىرەر قاراشنى بېرەلمىگەن. پەقەت، ئۇيغۇرلار قوللانغان قورال-سايمان، نەرسە-كېرەكلەرنىڭ نامىلىرىنىڭ ئۆزىدىن تو-زۈلگەن يەر نامىلىرىنى مىسالغا ئېلىش بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن بۇيان بار بولغان سۆز، دەپ ئىزاھلىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ قاراشنىڭ باشقا ئىلمىي ئاساسى يوق. چۈنكى، ئەڭ مۇھىمى «يوپۇرغا دەرياسى» نىڭ نامى چۈشەندۈرۈلمىگەن. روشەنكى، يۇرت نامىدىن بۇرۇن دەريا نامى بارلىقفا كەلگەن. ئۇنداق بولمىغاندا يۇرت نامى دەريا نامىغا كۆچكەن بولىدۇ. بىزنىڭچە، ئابدۇكېرىم روزى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «ياپرى~يوپرى» سۆزىدىن كەلگەن، دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق-تەك تۇرىدۇ، بۇ قاراشتىمۇ ئەسلى يىلتىز بولغان دەريانىڭ نامى گەۋدى-لەندۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، بۇ دەريانىڭ نامى، ئېنىقكى، «يوپرى~ياپرى» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «كەڭ تۈزلەڭلىكتىكى دەريا» دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەنلىك بولسا كېرەك. ئۇ ھالدا ھەم دەريا نامىغا، ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ يۇرت نامىغا باب كېلىدۇ.

**يورۇڭقاش** [玉龙喀什] خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر دەريانىڭ ھەم چىرا ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ، لوپ ناھىيىسىدىكى بازارنىڭ نامى. تۆپ يىلتىزىدىن قارىغاندا، «يورۇڭقاش» نامى ئەسلى بىر دەريانىڭ نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇرۇڭ قاش» دېگەن سۆزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن نام ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا (3- توم، 208- بەت) «ئۇرۇڭ قاش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريانىڭ قەدىمكى ئۇدۇن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريانىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ «بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان» دەپ يازىدۇ. «ئۇرۇڭ» سۆزىنىڭ ئەسلى يىلتىزى ئوغۇزلارنىڭ تىلىدا «ئاق» (ئاق رەڭ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 453- بەت). بۇ نامنىڭ مەنىسى «سۈزۈك ئاق قاشتېشى چىقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام ئەسلى بىر دەريانىڭ نامىدىن كۆچۈش ئارقىلىق بىر كەنت، ھەتتا بىر بازارنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، تارىختىن بۇيان ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلدى.

**يېتىم** [介特木(依提木?)] جېمنەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى قازاق تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە «جېتىم» «介特木» دەپ قېلىپلاشتۇرۇلغان. بۇ توغرا ئەمەس، شۇڭا، بۇ يەر نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئاممىباپ ھالدا «依提木» دەپ ئېلىش كېرەك، دەپ قارايمىز. بۇ خۇددى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى «يېتىمبۇلاق» (تاغ ۋە بازار نامى) نامىدىكى «يېتىم» سۆزىنى «依吞» (يىتۇن) دەپ تەرجىمە قىلىغاندەكلا ئىش. «يېتىمئې-رىق» قا قاراڭ.

**يېتىمئېرىق** [依提木艾日克] پەيزاۋات ناھىيىسىدە-

كى بىر كەنتنىڭ نامى. شىنجاڭدا «يېتىم» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىدىن بىر نەچچىسى بار. مەسىلەن، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى «يېتىم دۆۋە» مەھەللىسى (依提木都维)، يەكەن ناھىيىسىدىكى «يېتىملىقۇم» كەنتى ۋە يېزىسى (依提木乡) قاتارلىقلار. بۇ يەر ناملىرىدىكى «يېتىم» سۆزى «قارىغۇچىسى يوق» ياكى «ئىگە-چاقىسىز» دېگەن مەنىلەردىكى «يېتىم» سۆزى بولماستىن، بەلكى يالغۇز، يەككە مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «يېتىم» سۆزى بولۇپ، چەت-ياقا جايلارغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭى قۇچى** [新库其(?)] قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىكى كەنت نامى. ئەسلىسى «يېڭى قورچى». ئېھتىمال «قورچى» نامىنىڭ تەرەققىياتى بولسا كېرەك. «قۇچى» غا قاراڭ.

**يېڭىسار** [英吉沙] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامى. «يېڭىسار» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېڭى ھىسار» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىدە.

**يىس** [依斯] قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ نام ئەينەن ساقلانغان نام بولۇپ، بۇ نام ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا «يىس» سۆزى ئۇچرايدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يىس» «قارىغايلىق تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 542- بەت). دېمەك، «يىس» دېگەن بۇ نام «قارىغايلىق تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چىغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «يىز» سۆزى بار. بۇ سۆز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدۇ (يۇقىرىقىدەك). ئەگەر، بۇ سۆزنى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا «ز» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن، دەپ قارىساق، ئۇھالدا بۇ يەر نامىنىڭ مەنىسى «چىغلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭچە، ئالدىنقى قاراش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# 目录

## A

### a


阿布达勒……………… 1
阿德尔……………… 4
阿德浪…………… 121
阿迪热…………… 190
阿冬库仁达版……… 4
阿尔根萨依………… 7
阿尔泰……………… 9
阿合奇 …………… 11
阿湖(阿果?) ……… 8
阿克苏 …………… 11
阿克苏乡 ………… 11
阿克陶 …………… 10
阿拉格尔…………… 9
阿拉买提 ………… 10
阿勒达西曼 …… 10,190
阿勒齐 …………… 10
阿勒吞达希 ……… 10
阿其(齐)克………… 2
阿其克拜力都……… 3
阿其克布拉克……… 3
阿其(齐)克河……… 4
阿其克江尕勒……… 4
阿其克乔喀山……… 4
阿其克萨依………… 4
阿其克于提坎达坂…… 4
阿热盖买…………… 6
阿热格热木………… 6
阿热木尕拉………… 6
阿热帕依那普……… 5
阿热恰吐克………… 6
阿热铁提…………… 6
阿斯塔乃…………… 8
阿图什……………… 2
阿瓦提 ……………12
阿扎克……………… 7
阿孜拉……………… 8


### ai


艾格如木 ………… 13

艾格铁热克 …………… 14
艾古斯 ……………… 14
艾勒克吐克 ………… 14
艾勒克吐尔 ………… 14
艾勒肯 ……………… 14
艾斯里木什 ………… 13
艾提木恰格尔 ……… 12
艾提木恰合热……… 199
艾赞东 ……………… 12

an

安迪尔 ……………… 16
安拉买 ……………… 15

ao

奥尔旦……………… 192
奥(吾)帕…………… 191
奥塔克萨依………… 191
奥依达希(西)……… 193

B

ba

八盘水磨(苏浑)…… 111
巴楚(玛拉巴什)…… 18
巴尔达木 …………… 19
巴尔楚克(巴楚)…… 179
巴拉额尔齐斯 ……… 21
巴勒德尔 …………… 22
巴勒迪尔 …………… 25
巴勒德尔伊德尔 …… 22
巴里坤 ……………… 20
巴伦台 ……………… 22
巴仁 ………………… 20
巴彦岱 ……………… 23
巴音郭楞 …………… 24

bai

白其 ………………… 24
拜城 ………………… 22
拜勒都 ……………… 25
拜勒其尔 …………… 24
拜勒提 ……………… 24
拜什盖买 …………… 26
拜什格然木 ………… 26
拜什乌塔克 ………… 26

bie

别勒迪尔 …………… 25

bo

伯什克然木 ………… 25
博迪玛勒 …………… 27
博(布)尔加依 ……… 28
博尔斯(苏?)克……… 28

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



博湖 …………………… 20
博乐 …………………… 27

bu

布尔干 …………………… 29
布尔汗 …………………… 29
布尔罕(汗?)布拉克……
…………………… 30
布尔津 …………………… 29
布尕孜兰干 ……………… 28
布格特 …………………… 30
布隆克什拉克 ………… 30
布依勒克 ……………… 31

C

cang

仓塔木…………………… 105
仓吐尔…………………… 106

ce

策勒 …………………… 81

cha

查干布拉克 …………… 70
查干郭勒 ……………… 71
查干库勒 ……………… 71
查干却勒 ……………… 71
查干赛(萨依?)……… 71
查干阿热勒 …………… 70
查干通古 ……………… 70
察布查尔 ……………… 70

chang

昌吉…………………… 103

cheng

城盘子 ………………… 84

chuo

绰霍尔 ………………… 77

D

da

达坂城 ………………… 94
达布逊 ………………… 92
达达木图 ……………… 92
达甫散盖 ……………… 94
达甫逊 ………………… 92

达什(西) …………… 93
达什(西)库勒 ……… 93
达什曼 ……………… 93
达吾勒克 …………… 94
大坝 ………………… 92
大西马(玛?)勒 …… 93

dai

代甫桑 …………… 94,95

du

杜瓦 ………………… 97

dun

墩克什拉克 ………… 97
都拉特(图?)………… 95

duo

多浪 ………………… 96

E

e

额尔齐斯 ……… 12,200
额敏 …………… 97,200

F

fu

福海 ………………… 30
皇康 ……………… 123
富蕴 ……………… 162

G

gai

盖孜河 …………… 166

ge

戈尔吉勒尕 ……… 166
格干 ……………… 165
格兰木 …………… 170
格兰木阔坦 ……… 170

gong

巩留 ………………… 51

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



巩乃斯…………………… 164

gu

古尔图(特?) ……… 169
固拉合玛………………… 167

guo

果子沟 ………………… 45

H

ha

哈巴河………………… 123
哈布其盖 ……… 85,123
哈布其干郭 ………… 85
哈布青 ……………… 85
哈尔莫敦 …………… 86
哈尔萨拉 …………… 85
哈甫萨朗…………… 124
哈密………………… 150

hai

海努克……………… 137

han

汗都 ………………… 86
汗都克尔…………… 86

he

和布克……………… 143
和布克赛尔………… 144
和田 ………………… 87
和硕 ………………… 91

hei

墨玉………………… 128

hu

呼图壁……………… 144
胡额尔齐斯………… 151
葫芦沟……………… 142
互尔萨依…………… 146

huo

火山………………… 207
货岱克 …………… 91
霍尔果斯…………… 141
霍希(什?)吐尔 …… 143

J

ji

吉木萨尔 …………… 68

jia

加日勒哈甫 ………… 65
加依尔山 …………… 65
伽师 ………………… 33
佳木 ………………… 65

jian

碱泉子西北山 ……… 39

jie

介特木(依提木?) … 212

jing

精河 ………………… 67

ju

居普尔萨依 ………… 66

K

ka

喀布朗果勒………… 124
喀布其格…………… 124
喀布什克…………… 124
喀尔勒库木………… 132
喀尔鲁克…………… 132
喀尔桑……………… 155
喀尔桑勒克………… 155
喀拉都维(五堡)…… 127
喀拉额尔齐斯……… 132
喀拉霍加…………… 127
喀拉喀群…………… 129
喀拉克尔…………… 130
喀拉克孜勒………… 131
喀拉吐尔滚………… 132
喀拉也木勒………… 132
喀拉扎克…………… 127
喀喇昆仑…………… 129
喀勒克……………… 136
喀力(勒?)克 ……… 132
喀鲁克……………… 135
喀鲁克霍依拉……… 135
喀玛勒克…………… 136
喀木尕孜…………… 136
喀帕………………… 155
喀群………………… 125

喀什………………… 133
喀什（喀什噶尔）…… 139
喀特力什（哈特勒什？）
………………… 125
喀依尔特………… 138
喀依克巴斯……… 139
喀依克萨孜……… 139
喀依拉克………… 137
喀孜艾日克……… 132

kan

坎介克…………… 157

kang

康阿孜…………… 156
康喀………… 134,136
康帕………… 155,156
康日达希………… 156
康萨罕…………… 157

ke

柯坪……………… 157
柯普恰克………… 151
柯普恰克买里斯… 151
科尔琼布拉克…… 152
科尔琼达坂……… 152
科尔琼塔格……… 152
科克莫敦………… 162
克阿孜吉勒尕沟…… 166
克尔琴阔坦……… 152
克拉克勒（喀拉克儿勒？）
………………… 130
克拉玛依………… 131
克什拉克………… 152
克亚克布拉克…… 153
克亚克阔坦……… 153
克亚克勒克……… 153
克亚克特………… 153
克依西…………… 154
克孜拉孜（克孜勒阿孜？）
………………… 152

kong

空而尕…………… 143
孔雀……………… 162

ku

库车……………… 159
库代（昆得？）……… 163
库代力克………… 163
库尔巴格………… 146
库尔达坂………… 146
库尔吉拉………… 146
库尔勒…………… 158
库尔玛…………… 146
库尔特…………… 158
库尔特…………… 164

库尔乌泽克………… 147
库尔乌泽克………… 148
库科西(什?) ……… 143
库科西(什?)艾日克
…………………… 143
库科西(什?)鲁格 … 143
库拉木勒克………… 141
库兰阔如克………… 148
库鲁斯台…………… 148
库鲁斯特…………… 148
库玛………………… 149
库木格热木………… 150
库木库勒…………… 149
库木塔尔…………… 149
库齐………………… 145
库热马(玛?)特 …… 145
库热木……………… 141
库如克克日青……… 146
库如木都克………… 147
库如木鲁克………… 148
库如特鲁克………… 163

kui

奎屯………………… 164

kun

昆仑………………… 161

kuo

阔纳塔塔…………… 159

L

la

拉布楚克…………… 170

lao

老拉克……………… 173

lu

鲁克沁……………… 175

lun

轮台 ……………… 31

luo

罗布艾日克………… 175
洛蒲……………… 173

## M

ma

马场…………………… 179
马加一马扎儿……… 178
玛纳斯…………………… 179
玛依门塔什………… 181
玛依塔斯(什?) …… 181

mai

买谢特………………… 181
麦盖提………………… 182

man

曼达勒克……………… 180

mi

米兰…………………… 186
米泉…………………… 186
米夏…………………… 187

min

民丰…………………… 188

mo

莫尕勒………………… 183
莫(木?)乎尔 ……… 184
莫葫芦………………… 185

mu

木乎尔台……………… 185
木吉…………………… 184
木居克………………… 184
木垒…………………… 182
木什…………………… 185

## N

ni

尼勒克………………… 188

nuo

诺改特………………… 188
诺改土………………… 188

# P

## pa

帕满 …………………… 32
帕特曼喀什 ………… 32
帕特曼勒克 ………… 32

## pi

皮山………………… 169
皮西那 ……………… 35
皮夏 ………………… 35

# Q

## qi

七克台 ……………… 82
其拉克 ……………… 84
其甫坎 ……………… 81
其坦巴格 …………… 80
其特 ………………… 80
奇台………………… 168

## qia

恰尔阿尔恰 ……… 69
恰尔阿勒迪 ……… 69
恰尔阿恰 ………… 69
恰格拉克 ………… 72
恰哈 ……………… 72
恰克尔 …………… 72
恰拉 ……………… 69
恰吐(土?)克……… 75

## qiang

羌 ………………… 75

## qie

且克且克 ………… 77
且克且克兰干 …… 77
且末 ……………… 76

## qin

沁城 ……………… 41

## qing

青河 ……………… 79
清水河 …………… 84

## qiong

琼库尔克什拉克 …… 78

qu

曲王克尔 ………………… 78

## R

ru

茹羌 ……………………… 73

## S

sa

萨尔库木 ………………… 99
沙尔力克 ………………… 99
萨尔也木勒……………… 101
萨干……………………… 101
萨干吾斯塘……………… 102
沙格兰…………………… 102
萨格日基………………… 102
萨雷阔勒………………… 101

sai

赛里木(赛拉木?) … 106

san

三十里大墩……………… 133

sang

桑………………………… 104
桑塔木库勒……………… 105

se

色满……………………… 107

sen

森塔斯…………………… 115

sha

莎格兰…………………… 102
莎雅(尔?) …………… 117
莎车……………………… 209
莎尔力克 ………………… 99
莎湾……………………… 106

shan

鄯善 ……………………… 34

sheng

胜金……………………… 113

shi

石城子 ………………… 58
石河子………………… 119

shu

疏附………………… 140
疏勒………………… 140

si

斯开达西曼………… 113
斯日木……………… 112
斯也克……………… 116

su

苏干………………… 110
苏鲁克……………… 111
苏木克萨依………… 108
索岗勒克…………… 108
索古鲁克…………… 108
索米………………… 109
索润………………… 112
索扎克……………… 107

sui

虽尔勒克…………… 112

T

ta

塔城 ………………… 78
塔尔 ………………… 37
塔尔艾日克 ……… 37
塔尔拉克 ………… 37
塔尔郎 …………… 37
塔格达西曼 ……… 41
塔里木 …………… 38
塔克拉玛干 ……… 43
塔木格塔什 ……… 42
塔塔 ……………… 36
塔塔仓 …………… 37
塔什库尔干 ……… 41
塔什米里克 ……… 41
塔孜达拉 ………… 39
塔孜洪 …………… 40
塔孜库尔干 ……… 40
塔孜库木 ………… 40
塔孜拉 …………… 41
塔孜兰干 ………… 41
塔孜勒克 ………… 41

tang

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




唐阿特 ……………… 42
唐巴勒 ……………… 42
唐里 ……………… 42
塘(唐?) ……………… 42

tao

陶尔古特 ……………… 48

te

特根拉 ……………… 64
特克斯 ……………… 61

ti

提干 ……………… 63
提根 ……………… 63
提坚 ……………… 62
提木 ……………… 64
提特勒克艾格孜 …… 62

tie

铁提尔 ……………… 60
铁提尔别里 ……… 61
铁提尔其 ………… 61
铁提尔塔什 ……… 61

tong

通吐尔 ……………… 52

tu

图呼其 ……………… 55
图鲁喝尔特 ……… 47
土尔滚 ……………… 59
吐尔滚 ……………… 59
吐乎拉 ……………… 46
吐葫芦 ……………… 47
吐鲁番 ……………… 53
吐峪沟 ……………… 56
吐孜央(英?)塔克 59

tuo

托尕齐 ……………… 49
托尔尕吾提 ……… 48
托盖塔塔尔 ……… 58
托格拉勒 ………… 49
托克切克 ………… 50
托克逊 ……………… 50
托库勒 ……………… 58
托里 ……………… 52
托提库里 ………… 58

## W

### wen


温泉……………………… 6
温宿………………………… 193
温充勒……………………… 193


### wo


沃吐孜欧(沃?)塔克……
………………………… 192


### wu


乌达力克………………… 192
乌拉斯塔(台?)…… 195
乌拉斯台查干………… 196
乌鲁木齐……………… 197
乌恰……………………… 196
乌什……………………… 198
乌苏……………………… 119
乌塔克其………………… 191
乌希拉克………………… 192
吾(奥?)尔丹力克 … 192
吾(乌?)鲁阿尔提 … 196
吾(奥?)甫尔 ……… 191
吾(乌?)其 ………… 194
吾(乌?)让 ………… 192


## X

### xi


希热克…………………… 120
西热木(希热木?)… 120


### xia


夏尔莫敦………………… 116
夏尔萨拉………………… 116
夏浦勒克………………… 117
夏普库勒………………… 117
夏普勒克………………… 117
夏普其…………………… 116
夏特……………………… 118


### xiao


硝亚尔达希……………… 119
小合舒…………………… 118


### xin


辛格尔塔格山………… 114
新和 …………………… 49
新库其…………………… 213

# Y


ya

雅瓦………………… 207
牙甫泉………………… 204
牙色克………………… 207
亚斯墩………………… 206
亚苏克………………… 205
亚维勒克……………… 207
亚扎克………………… 204
亚孜木图……………… 205

yan

焉耆…………… 128,209

yang

洋海…………………… 207

ye

叶城…………………… 133

yi

伊犁…………………… 202
伊宁(固勒扎?)
…………………… 121
伊宁县………………… 122
伊吾(艾维尔沟? 鱼儿沟)
…………………… 201
伊吾县………………… 5
依其拜勒提…………… 202
依其克索米…………… 202
依斯…………………… 213
依提木艾日克………… 212

ying

英吉沙………………… 213

yu

于田(克里雅?) …… 165
玉龙喀什……………… 212
裕民 ………………… 70
尉犁…………………… 174

yue

岳普湖………………… 210


# Z


zang

藏桂 ………………… 98

ze

泽勒普善 ……………… 98
泽普 ……………………… 34

zha

扎瓦 ……………………… 98

zhao

昭苏 ……………………… 184

zhun

准噶尔 ………………… 66

zong

宗朗 ……………………… 98

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئابدۇرېشىت سابىت، تۇردى ناسىر تۈزگەن «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر نامىلىرى لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىل نەشرى؛

2. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989- يىل نەشرى؛

3. «بۇگۇر ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، بۇگۇر ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1985- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

4. «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

5. «توقسۇ ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، توقسۇ ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1982- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

6. «كۇچا ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (سىناق نۇسخا)، كۇچا ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1985- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

7. «غۇلجا ناھىيىسى يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، غۇلجا ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1988- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

8. «چاقىلىق ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، چاقىلىق ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1990-يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

9. «توقسۇن ناھىيىسى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، توقسۇن ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1992- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

10. «تۇرپان شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، تۇرپان شەھەرلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1990- يىل، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

11. «ئۈرۈمچى شەھىرى يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1989- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

12. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

13. لى جىڭۋېي «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

14. لى جىڭۋېي «قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

15. «قەدىمكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» (تالاپ شەرھ بېرىلگەن)، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1987- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

16. لى شيەنلىن ئىزاھلىغان (شۈەنزاڭ) «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى〉 نىڭ سىلىشتۇرما ئىزاھى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1985- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

17. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

18. «چىڭ سۇلالىسىغا ئائىت بايانلار» (9- كىتاب)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1976- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

19. سىن جوڭمىيەن «〈خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى〉 دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقىغا ئىزاھ» (2 توم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1981- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

20. فىڭ چېنجۈن «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭ-خۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1957- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

21. سىن جوڭمىيەن «جوڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ-جۇغراپ-يىسىدىن تەكشۈرۈپ دەلىللەش» (2 توم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدار-سى، 1962- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

22. ج. ر. خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى،

23. يۈەن مىڭداۋنىڭ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتىغا ئىزاھ»، يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

24. سۇ بېيخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

25. يۈۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگ-رىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1986- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

26. نيۇروچېن «شىنجاڭ يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1994- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

27. فېڭ چېنجۈن تۈزگەن «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

28. كارلگرېن «خەنزۇ تىلىنىڭ شۇە لۇغىتى»، ئىنگلىزچە نەشرى؛

29. غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

30. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

31. سۇلتان ماموت «يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1996- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

32. مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى) «قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

33. قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر نامىلىرى ئىلمى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)، 2000- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

34. لى يىنپىڭ «خوتەن تارىخى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

35. «مارالبېشى تارىخي ماتېرىياللىرى» (1- توپلام)، مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مارالبېشى تارىخي ماتېرىياللىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن، 1992- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى؛

36. لى جۇڭگۇ «مارالبېشى تارىخى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 1991- يىل، خەنزۇچە نەشرى؛

37. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەت-لىك سانلىرى؛

38. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر-چە-خەنزۇچە مۇناسىۋەتلىك سانلىرى؛

39. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك سانلىرى؛

40. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك سانلىرى؛

41. شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە مۇناسى-ۋەتلىك سانلىرى.

图书在版编目(CIP)数据

新疆地名语源词典 / [illegible]·阿布利米提·努茹孜，[illegible]编著. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2001.1

ISBN 7-[illegible]

Ⅰ.新… Ⅱ.[illegible] Ⅲ.地名—起源—新疆—[illegible]（中国少数民族语言）

Ⅳ.[illegible]

中国版本图书馆CIP数据核字（2001）第04171号

[illegible]

# 新疆地名语源词典(1)

[illegible]江·阿布利米提·努茹孜
[illegible]·艾[illegible]

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码：830046）
[illegible]印刷厂印刷
850×1168毫米　1/32　[illegible]印张
2001年1月第1版　2001年1月第1次印刷
印数：0001—[illegible]册

ISBN 7-5631-[illegible]
定价：13.50元

نەشرىياتى، 1991- يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

37. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ سانلىرى.

38. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە نۇسخىلىرىنىڭ سانلىرى.

39. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ سانلىرى.

40. «...» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ سانلىرى.

41. «شىنجاڭ ...» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ سانلىرى.

**图书在版编目(CIP)数据**

新疆地名语源词典. 1/库尔班江·阿布利米提·努茹孜，帕力塔洪·艾吾拉洪著. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2001.1

ISBN 7-5631-1320-7

Ⅰ. 新... Ⅱ. ①库... ②帕... Ⅲ 地名—起源—新疆—词典—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ. K924.5-61

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 04171 号

责任编辑:吐尔逊·阿不都拉
责任校对:阿丽娅·热克甫
封面设计:伊里哈木·伊那依提

# 新疆地名语源词典(1)

库尔班江·阿布利米提·努茹孜
帕力塔洪·艾吾拉洪

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮政编码:830046)
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32　8 印张
2001 年 1 月第 1 版　　2001 年 1 月第 1 次印刷
印数:0001-5000 册

ISBN 7-5631-1320-7/Z·31
定价：13.50 元

www.uyghurkitap.com



مۇھەررىر پالتاخۇن ئەۋلاخۇن 1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چاپچال ناھىيىسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا تاماملىغاندىن كېيىن، 1978 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان، 1983 - يىلى 2 - ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ چىقىپ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە يەر ناملىرىغا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ ھازىر قۇربانجان ئابلەمەت نورۇزى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر لۇغەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشرگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت يەر ناملىرى لۇغىتى»، «ناملىق سېلىشتۇرما لۇغەت»نى نەشرگە تاپشۇردى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلھام ئىنايەت



ISBN 7-5631-1320-7

9 787563 113200 >

ISBN7-5631-1320-7

Z·31 定价: 13.5 元